

بسم الله الرحمن الرحيم

واعتصموا بحبل الله جميعا ولا تفرقوا

# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

## المسلم الصينى

4

1998

مجلة إسلامية ثقافية علمية جامعة

www.uyghurkitap.com

# سالىھ ئەن شۈيى داموللام ئالەمدىن ئۆتتى




مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە بېيجىڭ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى سالىھ ئەن شۈيى داموللام خۇدانىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلغاندىن كېيىن، جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى لى رۇيخۇەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى زالىغا كېلىپ تەزىيە بىلدۈردى. ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋەن ياۋبىننىڭ ھەمراھلىقىدا تاۋۇتقا سالام بەرگەندىن كېيىن، ئەن شۈيى داموللامنىڭ رەپىقىسى ئەن شۆچىن خانىمدىن ۋە بالا-چاقىلىرىدىن ھال سورىدى.



ئەن شۈيى داموللامنىڭ جىنازە نامىزى 7-ئاينىڭ 17-كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى زالىدا تەنتەنىلىك چۈشۈرۈلدى. بېيجىڭ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دۇڭسى مەسچىتىنىڭ ئىمامى چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن ناماز چۈشۈردى.



جىنازە نامىزىغا قاتناشقان چەت ئەللىك مۇسۇلمان دوستلار ئەن شۈيى داموللامنىڭ رەپىقىسى يېنىغا كېلىپ، داموللامغا بولغان ئىززەت-ئىكرامىنى ۋە قايغۇسىنى بىلدۈردى.

# «قۇرئان كەرىم»دىن




ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ھەربىر جاندار ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر، ئاندىن بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلىسىلەر. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرنى جەننەتنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان ئالىي جايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرىمىز، ئۇ يەرلەردە ئۇلار مەڭگۈ قالىدۇ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغۇچىلارغا بېرىلگەن مۇكاپات نېمىدېگەن ياخشى! (29-سۈرە «ئەنكە بۇت»، 57—58-ئايەتلەر).

ئى ئارام تاپقۇچى جان! سەن پەرۋەردىگارىڭدىن مەمنۇن، پەرۋەردىگارىڭ سەندىن رازى بولغان ھالدا، ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتقىن. سەن مېنىڭ (ياخشى) بەندىلىرىم قاتارىغا قوشۇلغىن. مېنىڭ جەننىتىمگە كىرگىن. (89-سۈرە «فەجر»، 27—30-ئايەتلەر.)

(خەتتات: سالىھ)

www.uyghurkitap.com



# مۇندەرىجە

## ئالاھىدە خەۋەرلەر


جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى ھاجى سالىھ ئەن شۇيى داموللام خۇدانىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلدى ........................ ئۆز مۇخبىرىمىز (4)

ھاجى سالىھ ئەن شۇيى داموللامنىڭ ھاياتىي سەرگۈزەشتىلىرى ............ ئۆز مۇخبىرىمىز (7)


## ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى


ئادەمنىڭ دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى تۇغما ئىقتىدارى توغرىسىدا ............ مابىن رەتلەپ تەرجىمە قىلغان (10)

ھارامنى تەرك ئېتىپ، ھالال ياشايلى ··· ياقۇپ ھەمدۇللا (16)


## «قۇرئان كەرىم» تەتقىقاتى


«قۇرئان كەرىم» تەتقىقاتىدىكى يېڭى يۈكسىلىش ........................ مۆھتەرەم ھاجى (19)

«قۇرئان كەرىم»دىكى خاسىيەتلىك يەككە ھەرپلەر ........................ يالقۇن ئىسمائىل (24)

«قۇرئان كەرىم»، تەرەققىيات ۋە بىز ..................... نۇرمۇھەممەت ھەسەن (27)

تەجۋىد ئىلمى ۋە «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇش توغرىسىدا ............................ قەمەرىددىن (32)

«قۇرئان كەرىم» بىلەن "19"نىڭ مۇناسىۋەت سىرى توغرىسىدا ............................ ياسىن ئېزىز (37)


## ۋەز-تەبلىغ


پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەش ھەققىدە ··· ئېلى قارىي ھاجى (40)

مۇسۇلمانلار پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيىلىشى لازىم ........... ئۆمەرجان مۇھەممەت (42)


# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

# 中国穆斯林

# CHINA MUSLIM

(پەسىللىك ژۇرنال)


باشقۇرغۇچى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى
تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى:
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
مەسئۇل مۇھەررىر: شەمشىدىن ھاجى
تەكلىپلىك مۇھەررىر: رىشىت ھاجى ۋاھىدى
تېخنىكا تەھرىرى: ئابلىز قاسىم
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ھاجى ۋاھىدى
باسقۇچى: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى باسما زاۋۇتى
تارقاتقۇچى ۋە مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى:
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
(بېيجىڭ شۈەنۋۇ رايونى نەنخېڭشىجې كوچىسى 103-قورۇ)
پوچتا نومۇرى: 100053 تېل: (010)63513181
شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى: ئۈرۈمچى يەنئەن كوچىسى
119-قورۇ پوچتا نومۇرى: 830001 تېل: (0991)2865729

主　　办：中国伊斯兰教协会
编辑出版：《中国穆斯林》维文编辑部
主　　编：夏米西丁哈吉
特聘编辑：热西提哈吉・瓦依提
技术编辑：阿布力孜・卡斯木
封面设计：哈吉瓦依提
印　　刷：中央民族大学印刷厂
发行订阅：《中国穆斯林》维文编辑部
（北京市宣武区南横西街103号）
邮政编码：100053 电话：(010)63513181
新疆发行站：乌鲁木齐延安路119号
邮政编码：830001 电话：(0991)2865729

## ئالىم-ئۆلىمالار

ئىمام بۇخارى ۋە ئۇنىڭ مەشھۇر ھەدىس كىتابى—«سەھىھۇلبۇخارى» توغرىسىدا ........ شاھابىدىن ئابدۇللەھەت (45)

## خەلقئارالىق دوستانە بېرىش-كېلىشلەر

سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقىنىڭ ۋەلى ئەھدىسى شاھزادە ئابدۇللا بىننى ئابدۇلئەزىز جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى ........ ئادىل ھاجى كېرەم (50)

جۇڭگو مۇسۇلمانلار ۋەكىللىرى ئۆمىكى لىۋىيىدە زىيارەتتە بولدى ........ چاڭ چىڭلىياڭ (51)

جۇڭگو مۇسۇلمانىمان ئۆلىمالار ۋەكىللىرى ئۆمىكى پاكىستاندا دوستانە زىيارەتتە بولدى ... ئادىل ھاجى كېرەم (52)

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ سودا ۋەزىرى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى ........ ئاۋېن (53)

## ئىسلام مائارىپى

قەشقەر ۋىلايەتلىك دىنىي مەكتەپ 4-قارارلىق تالىپلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى ........ ياقۇپ ھاجى مۇھەممەت (54)

قىزىلسۇ ئوبلاستىدا ئېچىلغان ۋەزىپىدىكى ئىماملارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاخىرلاشتى ........ رازىق ھاجى (54)

يەكەن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئاچقان 11-قارارلىق دىنىي بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى غەلىبىلىك ئاياغلاشتى ........ مۇختەر ئابدۇۋەلى (55)

يېڭىسار ناھىيىسىدە دىنىي خادىملارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى ........ ياقۇپ ھاجى مۇھەممەت (56)

بارىكۆل ناھىيە بازار ئىچى مەسچىتى مائارىپقا كۆڭۈل بۆلدى ........ يۈنۈس سادىق (56)

موللا كىچىك ھاجى مەكتەپ سالدى ........ مۇھەممەت ھېيت (18)

## تۆھپىكار دىنىي زاتلار

پىچان، كەلپىن، مارالبېشى ۋە گۇما ناھىيىلىرىدىكى دىنىي زاتلارنىڭ ھىممىتى ........ كېرەم روزى، سەمەت دالى، ئوسمانجان بارات، ئازادگۈل رىشىت، مۇھەممەت ھېيت (57)

## ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 4-سانلىق دائىمىي ھەيئەت يىغىنى ئېچىلدى ........ ياقۇپ ھاجى مۇھەممەت (58)

قەشقەر شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى دائىمىي ھەيئەت يىغىنى ئاچتى ........ ياقۇپ ھاجى مۇھەممەت (57)

## خەۋەرلەر

ئۇيغۇرشۇناس ئالىملارنىڭ كاتتا يىغىلىشى ........ ئۆز مۇخبىرىمىز (59)

ئابدۇغېنى داموللا ھاجى خۇدانىڭ دەرگاھىغا كەتتى ........ تۇرغۇن ئىمىن، سادىر تۇرسۇننىياز (60)

قۇمۇل شەھىرى قارادۆۋە يېزىسىدا ياخشى ئادەت شەكىللەندى ........ يۈنۈس سادىق (58)

بىڭتۇەن دىنىي زاتلار ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى بېيجىڭ، شاڭخەيدىكى ئېكسكۇرسىيىسىنى تاماملاپ قايتىپ كەلدى ........ ھۈسەنجان ئىبراھىم (15)

## ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى

ھىجرىيە 1419-يىللىق روزا تۇتۇش ۋاقىت جەدۋىلى (ئۈرۈمچى ۋاقتى) ........ مۆھتەرەم ھاجى (61)

ژۇرنىلىمىز ئىئانىچىلىرىغا تەشەككۈر ........ «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى (62)

ژۇرنىلىمىزنىڭ 1998-يىللىق سانلىرىدىكى ئاساسلىق ماقالىلەرنىڭ مۇندەرىجىسى ........ «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى (63)


مۇقاۋىنىڭ 1-بېتىدە: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بىناسى ئالدىدا ھەر ساھە زاتلىرى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەن شۆپې داموللامنىڭ جىنازىسىنى ئۇزىتىۋاتقان كۆرۈنۈشى.


★ 1998-يىل 12-ئاينىڭ 1-كۈنى نەشردىن چىقتى ★

نۇر كىتاب تورى
www.nurkitap.com

## جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى

# ھاجى سالىھ ئەن شۇبېي داموللام خۇدانىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلدى

ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى، بېيجىڭ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، بېيجىڭ شەھەرلىك ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، بېيجىڭ شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، مەشھۇر ئىجتىمائىي پائالىيەت ئەربابى، جۇڭگو ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى ئاتاقلىق ۋەتەنپەرۋەر زات ھاجى سالىھ ئەن شۇبېي داموللام كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، 1998-يىل 7-ئاينىڭ 14-كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 1دىن 15 مىنۇت ئۆتكەندە 79 يېشىدا بېيجىڭدا خۇدانىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلدى.

جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى لى رۇيخۇەن، جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكوم شۇجىسى، بېيجىڭ شەھىرىنىڭ شەھەر باشلىقى جيا چىڭلىن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى خې لۇلى، جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ جاۋگو، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى جاۋ پۇچۇ، بەي لىچېن، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لى دېجۇ، دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شاۋۋېن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ باش كاتىپى جۇ شۈن، دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرى ياڭ تۇڭشياڭ، ليۇ شۇشياڭ، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى 2-ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جۇ شاۋمىڭ، بېيجىڭ شەھىرىنىڭ رەھبەرلىرى جاڭ جيەنمىن، چېن گۇاڭگۋېن، ۋاڭ دامىڭ، لى جىجيەن، جاڭ يەنلى، لىن ۋېنچى، ليۇ جىڭمىن ھەمدە ھەرقايسى دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى، شۇنداقلا مائارىپ ۋە ئىلىم-پەن ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىس-ئالىملار ھەم ھەر مىللەت، ھەر ساھە زاتلىرى كېلىپ تەزىيە بىلدۈردى ۋە بۇ پېشقەدەم داموللامنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتىدىن سەممىي ھال سورىدى، شۇنداقلا تەزىيەنامە بېغىشلىدى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت، دۆلەت كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دىڭ گۇاڭشۈنلەرمۇ ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان جايلاردىن تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتتى ۋە تەزىيەنامە بېغىشلىدى.

سالىھ ئەن شۇبېي داموللام كېسەل ياتقان مەزگىلدە، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە بېيجىڭ شەھىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ھەمدە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى، بېيجىڭ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرى

دوختۇرخانىغا بېرىپ بىمارنى يوقلىغانىدى.

داموللامنىڭ ۋاپات بولغانلىق مۇسىبەت خەۋىرى تارقالغاندىن كېيىن، جۇڭگو تىنچلىق-بىرلىكنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى، شىياڭگاڭ ئىسلام جەمئىيىتى، شىياڭگاڭ ئىسلام بىرلەشمىسى، ئاۋمېن ئىسلام ئۇيۇشمىسى، مۇناسىۋەتلىك ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلاردىكى مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى تارماقلىرى، ئىسلام جەمئىيەتلىرى، ئىسلام ئىنستىتۇتلىرى، مەسچىتلەر ۋە شەخسلەرمۇ كەينى-كەينىدىن تېلېگرامما، تېلېفون، خەت-چەكلەرنى يوللاپ ياكى تەزىيەنامە بېغىشلاپ، تۈرلۈك شەكىللەردە تەزىيە بىلدۈرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. جۈملىدىن شىنجاڭ رايونىدىكى ئىدارە-جەمئىيەتلەردىن: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ مىللەتلەر خەلقئارا ساياھەت ئىدارىسى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتى قاتارلىق ئورۇنلار تەزىيە تېلېگراممىسى يوللىدى؛ شەخسلەردىن: مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت شىنجاڭدىن تېلېفون بېرىپ، ئەن شۈيبى داموللامنىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى ھەمدە "ئەن شۈيبى داموللام ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى جۇڭگونىڭ ئىسلامىيەت ئىشلىرىغا بېغىشلىغانىدى، ئۇنىڭ بەختكە قارشى ئالەمدىن خوشلىشىشى جۇڭگو ئىسلام دىنى ئۈچۈن چوڭ بىر يوقىتىش" دېدى، شۇنداقلا تەزىيە بىلدۈرۈپ فاكس ئەۋەتتى؛ دۆلەت كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد شىنجاڭدىن تېلېفون بېرىپ، ئەن شۈيبى داموللامنىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈردى، ۋە "ئەن شۈيبى داموللام ئۇزاق يىللاردىن بېرى كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ چوڭقۇر ھىمايىسىگە ۋە سۆيۈنۈشىگە مۇيەسسەر بولۇپ، ۋەتەننى سۆيۈش، دىننى سۆيۈشنىڭ نەمۇنىسى بولۇپ كەلگەنىدى. مەن شىنجاڭدا داۋالىنىۋاتقانلىقىم ئۈچۈن، داموللامنىڭ جىنازە نامىزىغا قاتنىشالمىغىدەكمەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرىنىڭ داموللام ئائىلىسىگە مېنىڭ بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇلاردىن ھال سورايدىغانلىقىمنى يەتكۈزۈپ قويۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن" دېدى ھەمدە تېلېگرامما يوللاپ تەزىيە بىلدۈردى.

سەيپىدىن ئەزىزى ئەپەندىم ئۆز ئۆيىدىن تېلېفون بېرىپ، ئەن شۈيبى ئاخۇنىنىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى ھەمدە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرىنىڭ ئەن شۈيبى داموللام ئائىلىسىگە ئۆزىنىڭ بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇلاردىن سەممىمىي ھال سورايدىغانلىقىنى يەتكۈزۈپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ھۆسەيىن ھاجى قىزىلسۇدىن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى ئەھمەت ۋاجىدى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى ئۈرۈمچىدىن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى يەھيا مۇزەپپەر ھاجى غۇلجىدىن تېلېگرامما يوللاپ ئالاھىدە تەزىيە بىلدۈردى.

شۇنداقلا پاكىستان، سەئۇدى ئەرەبىستانى، ئىران قاتارلىق ئەللەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىلىرى تېلېفون بېرىپ، ئەن شۈيبى داموللام ۋاپاتىغا تەزىيە بىلدۈردى ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن ھال سورىدى؛ لىۋىيە، ئىئوردانىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى ۋە ئەرەب ئەللىرى بىرلەشمىسى ئەلچىلىرى ئۆمىكىنىڭ ئەمەلدارىمۇ تەزىيە

www.uyghurkitap.com



تېلېگراممىسى ئەۋەتتى؛ ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ باش ئەلچىسى مۇھەممەد ھۇسەيىن ئەل مەلەئىك، ئومان سۇلتانلىقىدىن ئابدۇللا مۇھەممەد بىن ئابدۇللا فارىسى قاتارلىقلار فاكس يوللاپ تەزىيە بىلدۈردى.

ئەن شۈۋېي داموللام ھايات ۋاقتىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش جەھەتتە ناھايىتى زور تۆھپە قوشقان، مەملىكىتىمىزدىكى ئىسلامىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ئەجىر سىڭدۈرگەن. ئۇ ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرنىڭ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ھىمايىسى ۋە قەدىرلىشىگە چوڭقۇر مۇيەسسەر بولغان ئاتاقلىق ۋەكىلى، ۋەتەننى ۋە دىننى سۆيۈشنىڭ نەمۇنىسى، ھەر جەھەتتە باشلامچىلىق بىلەن ئۈلگە بولۇپ كەلگەن ئۆرنەك ئىدى؛ ئۇ ئىمانى تەقۋادار، ئىستىلى دۇرۇس، تۇرمۇشى ئاددىي-ساددا، كۆڭلى-كۆكسى كەڭ ۋە مېھرى ئىسسىق، ئىززەت-ئابرۇيى يۇقىرى بىر زات بولۇپ، مەملىكىتىمىزدىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر ۋە مۇسۇلمانلار ئاممىسى ئارىسىدا يۇكسەك نوپۇزغا ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ ۋاپاتى مەملىكىتىمىزدىكى ئىسلامىيەت ئىشلىرى ئۈچۈن زور بىر يوقىتىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەن شۈۋېي داموللامنىڭ جىنازە نامىزى 1998-يىل 7-ئاينىڭ 17-كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى زالىدا ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىن، نوئمان ما شيەن، ئابدۇرەھىم ئىمىن، مۇھەممەد سەئىد ما يۈنفۇ، شــەمــشىدىن ھاجىلار، بېيجىڭ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى ۋە ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مەسئۇللىرى، بېيجىڭ شەھىرىدىكى مەسچىتلەرنىڭ ئىماملىرى ۋە ھەر ساھەدىكى مۇسۇلمانلار ۋەكىللىرى، ئەن شۈۋېي دامولامنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ھەم دوست-يارەنلىرى بولۇپ 1000 دەك ئــادەم جــىنازە نامىزىغا قاتناشتى. سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئــەلــچــىسى يۇسۇف مۇھەممەد ئەل مەدانى، ئىراننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى مــۇھــەمــمــەد ھۇسەيىن ئەل مەلەئىك ۋە پاكىستان، مىسىر قاتارلىق ئەللەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسى خادىملىرىمۇ بۇ مۇسىبەتتىن خەۋەر تېپىپ كېلىپ جىنازە نامىزىغا قاتناشتى. ئەن شۈۋېي داموللام ھاجىمــنىڭ تاۋۇتى قارىغايلار ئوتــتۇرىسىغا قويۇلـغاندى. "قۇرئــان تــۇتــۇش" رەســمــىيــىــتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بېيجىڭ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دۆڭسى جامەسىنىڭ ئىمامى چېن گۇاڭيۇەن ئاخۇن جىنازە نــامــىزىنى چۈشۈردى، جىنازە نامىزى ناھايىتى تەنتەنىلىك ۋە سۈرلۈك كەيپىيات ئىچىدە ئۆتتۈلدى.

ناماز چۈشۈرۈپ بولۇنغاندىن كېيىن، مەرھۇمنىڭ جەستى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە بېيجىڭ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا بېيجىڭ شەھەرلىك مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقىغا ئېلىپ بېرىلىپ دەپنە قىلىندى.

مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، بېيجىڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، مەركىزىي خەلق رادىــئو ئــىستانسىسى، جۇڭگو خەلقئارا رادىئو ئىستانسىسى، «خەلق گېزىتى»، «خەلق سىياسىي كېڭەش گېزىتى»، «بېيجىڭ گېزىتى» قاتارلىق ئاخبارات ئورۇنلىرى ئەن شۈۋېي دامولامنىڭ ھاياتىي كۆچۈرمىشلىرى ۋە جىنازە نامىزى ئەھۋالىدىن خەۋەر بەردى.

ئاللاتائالا مەرھۇمنىڭ جەننەتلىك مەرتىۋىسىنى ئاشۇرغاي، ئامىن!



# ھاجى سالىھ ئەن شۇبىي دامولّامنىڭ ھاياتى سەرگۈزەشتلىرى

ئەن شۇبىي دامولّام خۇيزۇ، 1919-يىلى 4-ئاينىڭ 15-كۈنى تۇغۇلغان، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ باۋدىڭ شەھىرىدىن. ئۇنىڭ بالىلىق ھاياتى غۇربەتچىلىكتە ئۆتكەن، ئۇ توققۇز ياش ۋاقتىدىن تارتىپ مەسچىتكە كىرىپ ئىسلام دىنى بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە باشلىغان، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ خېبېي ئۆلكىسىنىڭ باۋدىڭ، شىنچېڭ، دىڭشيەن، لەيشۈي، شىنلې ناھىيىلىرىدىكى ۋە بېيجىڭ، شىنياڭ قاتارلىق جايلاردىكى مەسچىتلەردە ئۇستاز تۇتۇپ ئىلىم ئۆگەنگەن. ئۇ ئەقىللىق، تىرىشچان، ئۆگىنىش ۋە ئالغا ئىنتىلىشكە تىرىشىدىغان بولغاچقا، دىنىي بىلىم ئۆگىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تامامەن ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ خېلى يۇقىرى مەدەنىيەت بىلىملىرى ئاساسىغا ئىگە بولغان. 1948-يىلى 7-ئايدا، ھاسىل قىلغان بىلىم نەتىجىلىرىگە ئاساسەن، ئىماملىق تونى كىيىپ، بېيجىڭ شەھىرىدىكى شۇپا رەستىسى مەسچىتىگە ئىماملىققا تەكلىپ قىلىنغان، شۇنىڭدىن كېيىن تا ۋاپات بولغۇچە نيۇجې مەسچىتى ۋە دۇڭسى مەسچىتىدە ئىمام بولۇپ كەلگەن. 1956-يىلى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ۋە دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ سايلانغان. 1979-يىلدىن تارتىپ بېيجىڭ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 1-، 2-، 3-نۆۋەتلىك رەئىسى بولۇپ سايلانغان. 1980-يىلدىن تارتىپ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 4-، 5-نۆۋەتلىك مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. 1993-يىلى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە رەئىس بولۇپ سايلانغان. ئەن شۇبىي دامولّام نەچچە ئون يىلدىن بېرى ئىزچىل تۈردە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىپ، سوتسىيالىستىك ۋەتەننى ۋە ئىسلامىيەت ئىشلىرىنى قىزغىن سۆيۈپ كەلگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى ۋەتەننى سۆيۈش، دىنىنى سۆيۈش ۋە جان-دىلى بىلەن مۇسۇلمانلارغا مۇلازىمەت قىلىش ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئىززىتىگە مۇيەسسەر بولۇپ كەلگەن.

ئەن شۇبىي دامولّام ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ياش ۋاقتىدىلا ئىسلام مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئىسلام ئەقىدىلىرىنى تەرغىب قىلىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان ھەمدە «قۇرئان كەرىم»، ھەدىس شەرىپ قاتارلىق كىتابلارنى تەرجىمە ۋە نەشر قىلىش خىزمىتىگە ئىشتىراك قىلغانىدى. ئەن شۇبىي دامولّام ئىسلام مائارىپىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەنىدى؛ ۋەتەننى ۋە دىنىنى سۆيىدىغان، بىرقەدەر يۇقىرى دىنىي بىلىمگە ئىگە ياش دىنىي ئىزباسارلارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇ بېيجىڭ شەھەرلىك ئىسلام ئىنستىتۇتىنى تەسىس قىلغان شۇنداقلا جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى ۋە بېيجىڭ شەھەرلىك ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئېلىپ، بۇ

www.uyghurkitap.com

جەھەتتىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش ئۈچۈن كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەنىدى.

ئەن شۈبىي داموللام 1950-يىلى بېيجىڭ شەھىرى 2-رايونىنىڭ خەلق ۋەكىلى، سىياسىي كېڭەش ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ سايلانغان. 1954-يىلدىن تارتىپ يەنە ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ شەھەرلىك، رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ۋە شەھەرلىك، رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ سايلانغان. 1978-يىلدىن ھازىرغىچە مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 5-، 6-، 7-، 8-، 9-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ۋە دىن ئىشلىرى گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى، دىن ئىشلىرى ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ ئىزچىل تۈردە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىلەن بىر نىيەت بولۇپ كەلگەن، دۆلەتنىڭ باي ۋە قۇدرەتلىك بولۇشى ھەم جەمئىيەت مۇقىملىقى ئۈچۈن ئاكتىپ پىكىر قاتناشتۇرۇپ كەلگەن. "مەدەنىيەت ئىنقىلابى"دىن كېيىن، پارتىيىنىڭ مىللىي-دىنىي سىياسىتىنى ھۆكۈمەتنىڭ ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئاكتىپ ھەمكارلىشىپ، ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى ئاقلاش، مەسچىتلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئېچىپ بېرىش، نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئەتراپلىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى جەھەتتىكى ئالاھىدە ئېھتىياجلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەتكە نۇرغۇن ئىجابىي پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى بېرىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولغان.

ئەن شۈبىي داموللام پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىنى ھىمايە قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ كەلگەن. ئىسلام دىنىنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئۆزئارا ماسلىشىشى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن نۇرغۇن شەرھى ۋە ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ بارغان. ئۇ پايتەخت بېيجىڭنىڭ قۇرۇلۇش ۋە تەرەققىياتىغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈپ، ئىسلام دىنى ساھەسىدە ئۆزىنى ئۆزى قامداش ئىگىلىكى ۋە جامائەت پاراۋانلىقى ئىشلىرىنى قانات يايدۇرۇشنى ئاكتىپ تەشەببۇس قىلىپ، كەڭ مۇسۇلمانلارنى ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا ئاتلىنىشقا چاقىرغان ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشنى تەكىتلىگەن. ئۇ كۆپ قېتىم بېيجىڭ شەھىرى بويىچە دىنىي ساھەدىكىلەردىن ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا مۇلازىمەت قىلغۇچى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالانغان. ئەن شۈبىي داموللام مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە مەدەت بېرىپ كەلگەن، ئۇ ئىزچىل تۈردە، مىللەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ نېگىزى—مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، دەپ قاراپ كەلگەن. يېقىنقى يىللاردىن بېرى، ئۇ بېيجىڭدىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، مىللىي مائارىپ ئۈچۈن يۈزلىگەن 2 مىليون يۈەن ئىئانە يىغىپ بەرگەن. ئۇ ئىجتىمائىي جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرىغا بەك قىزغىن ئىدى، ئىسلام دىنىنىڭ نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇشتەك ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرنى مەملىكىتىمىزدىكى نامرات رايونلارغا پۇل ۋە ماددىي بۇيۇملارنى ئىئانە قىلىشقا ئۇيۇشتۇرغان. ئۇ يەنە مەملىكەتلىك مېيىپلار بىرلەشمىسىنىڭ كېڭەش ئەزاسى بولۇپ، مېيىپلار ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن. ئەن شۈبىي داموللام ئومۇمىيلىقنى كۆزدە تۇتۇشقا ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن، جەمئىيەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ ھېسسىياتىغا ئېغىر زەرەر يەتكۈزىدىغان مۇقىمسىزلىق ئامىللىرى كېلىپ چىققاندا، ئۇ بۇنداق ئىشلارغا قاتتىق نەپرىتىنى ئىپادىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھۆكۈمەتكە ئاكتىپ ھەمكارلىشىپ، تەشۋىقىي چۈشەندۈرۈش خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن، شەخسەن ئۆزى چىقىپ ئاممىنى يېتەكلەش ۋە زىددىيەتنى يۇمشىتىش خىزمەتلىرىنى ئىشلەپ، جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشقان.

ئەن شۈبىي داموللام ۋەتەن بىرلىكىنى قوغداش، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش يولىدا ئۆزىنىڭ ئالاھىدە رولىنى جارى قىلدۇرغان. ئۇ 1988-يىلدىن تارتىپ، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ جۇڭگو تىنچلىق-بىرلىكنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇيۇشمىسىنىڭ

دائىمىي كېڭەش ئەزاسى، جۇڭگو چەت ئەللەر بىلەن ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىش جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي كېڭەش ئەزاسى، جۇڭگو-پاكىستان دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقى ئاسىيا كېڭەش ھەيئىتى ئىجرائىيە ئىدارىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆستىگە ئالغان. ئۇ دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر خەلقىنى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش يولىغا قويۇلغاندىن كېيىنكى جۇڭگو توغرىسىدا ھەقىقىي چۈشەنچىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، چەت ئەللىك دوستلارنى كۈتۈۋېلىش ۋە چەت ئەلگە زىيارەتكە بېرىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ تىنچلىق دىپلوماتىيە لۇشيەنى ۋە مىللەتلەر باراۋەرلىكى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى كەڭ دائىرىدە تەشۋىق قىلىپ ۋە چۈشەندۈرۈپ، جۇڭگو-چەت ئەل مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشى ۋە دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئۇ ھايات ۋاقتىدا ئاسىيا، ئافرىقا قاتارلىق جايلاردىكى 20 نەچچە ئەرەب ۋە ئىسلام ئەللىرىنى زىيارەت قىلىپ ھەمدە نەچچە قېتىم مەككە مۇكەررەمەگە بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلىپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر مۇسۇلمانلىرى بىلەن دوستانە ئۇچرىشىش ئارقىلىق مەملىكىتىمىزنى تەشۋىق قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتكەن. ئۇ مەملىكىتىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ چەت ئەللەر بىلەن مۇسۇلمانلار ئارا ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىشتىكى دوستانە ئەلچىسى بولۇپ، ئىسلام دۇنياسىدا ناھايىتى زور تەسىرگە ئىگە ئىدى. ئەن شۈبىي داموللام كۆپ يىللاردىن بېرى شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەندىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلار بىلەن بولغان ئالاقە ۋە بېرىش-كېلىشلەردە، ھەر دائىم ئىخلاسمەنلىك دىنىي ھېسسىياتى ئارقىلىق سەممىمىي پوزىتسىيە بىلەن ئۇلارغا ۋەتەن بىرلىكىنى قوغداش، "بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم"نى يولغا قويۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرەتتى. ئۇ چوڭ قۇرۇقلۇق مۇسۇلمانلىرى بىلەن تەيۋەن مۇسۇلمانلىرىنىڭ بېرىش-كېلىش ۋە دوستلۇقىنى ئۆزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ۋەتەننىڭ تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كېلىشىنى بالدۇرراق ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى ئۈمىد قىلغانىدى. ئەن شۈبىي داموللام شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشى ئۈچۈن ئۆز كۈچىنى تۆھپە قىلغان. ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقى ۋە سالامەتلىكىنىڭ ئاجىزلىقىغا قارىماي، 1997-يىلى 7-ئايدا، شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن، ئۆزى ئۆمەك باشلاپ شياڭگاڭنى زىيارەت قىلىپ، شياڭگاڭ مۇسۇلمانلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولغان ۋە بۇ ئارقىلىق ئىچكىرى مۇسۇلمانلىرى بىلەن شياڭگاڭ مۇسۇلمانلىرىنىڭ دوستلۇقىنى يەنە بىر قەدەم كۈچەيتكەن.

ئەن شۈبىي داموللام ۋەتەنگە سادىق، خەلققە سادىق بولۇپ، جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن، جۇڭگونىڭ ئىسلامىيەت ئىشلىرى ئۈچۈن كارامەت تۆھپىلەرنى قوشقانىدى، ئۇ سىياسىي نەزەرىيە ۋە پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ تۇغنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنى قەتئىي ھىمايە قىلاتتى. ئۇ پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدىغان، ئوچۇق-ئاشكارا ئىش قىلىدىغان، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويىدىغان، ئومۇملۇقنى نەزەردە تۇتىدىغان خىسلەتكە ئىگە بولۇپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ سىرداش دوستى ئىدى. ئۇ تۇرمۇشتا ئاددىي-ساددا، ئىستىلى دۇرۇس، ئاما بىلەن ئىچقويۇن-تاشقويۇن، مېھرىبان-خۇشخۇي، مۇلايىم-چىقىشقاق، ئابرۇيلۇق بولۇپ، جۇڭگو ئىسلام دىنى ساھەسىدە ۋە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا يۇكسەك نوپۇزغا ئىگە ئىدى. ئۇ يەنە ئىسلام دىنىنىڭ "پەزىلەتكە ئەھمىيەت بېرىپ، دەپنىنى ئاددىي قىلىش" تەشەببۇسىنى ئاكتىپ تەرغىب قىلاتتى، ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى چوقۇم ئاددىي-ساددا قىلىشنى ئائىلە تاۋابىئاتىغا قايتا-قايتا تاپىلىغانىدى.

ئەن شۈبىي دامولامنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى مەملىكىتىمىز ئىسلامىيەت ئىشلىرىدىكى چوڭ بىر يوقىتىش. ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتى—ۋەتەننى، دىنىنى سۆيگەن ھايات ئىدى، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئىشلىگەن ھايات ئىدى، ئۇنىڭ قەتئىي دىنىي ئېتىقادى، يۇكسەك سىياسىي ئېڭى، ئىخلاسمەنلىك روھى، ئالىيجاناب پەزىلىتى ۋە ئېسىل ئىستىلى مەڭگۈ قەلبىمىزدە ساقلىنىدۇ، مەڭگۈ ئۆگىنىشىمىزگە ۋە جارى قىلدۇرۇشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

ئالالاتائالا مەرھۇمنىڭ جەننەتلىك مەرتىۋىسىنى ئاشۇرغاي، ئامىن!

uyghurkitap.com

# ئادەمنىڭ دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى تۇغما ئىقتىدارى توغرىسىدا

□ مابىن رەتلەپ تەرجىمە قىلغان

دىنىنىڭ ھەقىقىي مەنىسى "بويسۇنۇش ۋە ئۇلۇغلاش"، "مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەت"تۇر. دىنىي ئىدىيە باشقا ئىدىيە-قاراشلاردىن قەتئىي پەرقلىنىدۇ. دىنىنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى رولىنى بايان قىلىشتىن ئىلگىرى ئالدى بىلەن دىنىنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى ۋە ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىنى چۈشىنىۋېلىشىمىز، بۇ ئارقىلىق ئادەم بىلەن دىن ئوتتۇرىسىدىكى تەبىئىي مۇناسىۋەتنى ۋە ئۇنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلاملىق مەنىسىنى ئېچىپ بېرىشىمىز لازىم. ئادەم بىلەن دىن ئوتتۇرىسىدىكى بۇ مۇناسىۋەت ئىلىم-پەننىڭ كۈنسېرى تەرەققىي قىلىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ تەدرىجىي سۇسلىشىدىغان 'ۋاقىتلىق مۇناسىۋەت"مۇ ياكى بىر خىل ئايرىلماس تۇغما ئىقتىدار مۇناسىۋىتىمۇ؟ ئادەم بەربىر ئادەم، ئادەمنىڭ تۇغما قابىلىيىتى تۇغۇلغاندىنلا مەۋجۇت، شۇڭا ئۇ ئۇنىڭ تەبىئىتى دېيىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئادەملەرنىڭ ئېتىقاد جەھەتتىكى تۇغما ئىقتىدارىنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ، قەدىمدىن ھازىرغىچە شۇنداق بولۇپ كەلگەن، ئادەم مەيلى نېمىگە ئېتىقاد قىلسۇن، ئېتىقادنىڭ شەكلى ۋە ئۇنى چۈشىنىش جەھەتتە ئۆزگىرىش بولسىمۇ، بىراق ئادەمنىڭ تۇغما ئىقتىدارى ئاسان ئۆزگەرمەي كەلگەن. ئېتىقاد ئادەمگىلا خاس بىر خىل تۇغما قابىلىيەت، ئادەمنىڭ قەدىر-قىممىتىمۇ شۇنىڭدا. ئەگەر ئادەم ئۆز تۇرمۇشىدا يېيىش-ئىچىش، ئىشقىي ھېسسىيات، خۇشاللىق-غەزەپ، قايغۇ-شادلىق قاتارلىق تۇغما ئىقتىدارلىرىنىڭ ھەرقانداق بىرىدىن ئايرىلسا، ئۇنىڭ ئىنسانىيلىق تەبىئىتى بىنورماللىشىدۇ ياكى ئاينىپ كېتىدۇ. دۇنيادا ھازىر ئەسلى خۇسۇسىيىتى ئۆزگىرىپ كەتكەن بىر خىل ئادەم مەۋجۇت، بۇ ھال ئادىمىي كەمتۈكلۈكنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلايدۇ. ھالبۇكى ھەقىقىي مۇكەممەللىك بولسا، پەقەت تۇپراقتىن ئادەم ياراتقان ۋە ئۇنىڭغا ئادەمىيلىك خاسلىقىنى بەخش ئەتكەن ھەقتائالاغا خاستۇر.

20-ئەسىرگە تەۋە «لالوس قامۇسى»دا چۈشەندۈرۈلۈشىچە، دىنىي ئېتىقاد ئىنسانغىلا خاس تۇغما ئىقتىدار، نادان ئادەمدىمۇ شۇنداق. ئىلاھقا ۋە تەبىئەتتىن ھالقىغان ھادىسىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش ئىنسانلارنىڭ مەڭگۈلۈك ئالامەتلىرىدىندۇر.

گرېك پەيلاسوپى سوقرات مۇنداق دېگەنىدى: "ئادەم گويا ھاۋا، سۇ، يېمەكلىككە زۆرۈر موھتاج بولغاندەك، ئىلاھنىڭ روھىمۇ بىر خىل روھىي ئوزۇقلۇققا موھتاج". بۇ تۇيغۇ ئادەملەرنىڭ ئادەتلىرىگە سىڭىپ كەتكەن، ئۇ بولسىمۇ ئادەمزات ئەجدادىدىن بېرى ئىپادىلىنىپ كېلىۋاتقان دىنىي ئېتىقاد تۇغما ئىقتىداردىن ئىبارەت.

ئىنسانىيەتنىڭ ئەينى تارىخى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئىنسانلار ئۆزىنىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلىش ئىدىيىسىدىن ئەزەلدىن ۋاز كېچىپ باقمىغان، بۇ ئىدىيە، كۆپ ھاللاردا، ھەربىر مىللەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن، قەدىمدىن ھازىرغىچە شۇنداق بولغان؛ چۈنكى ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان روھىي ئېھتىياجى. شۇڭا كۆپلىگەن ئالىملارنىڭ قارىشىچە، تارىختىكى ماددىي مەدەنىيلىكنىڭ ھەقىقىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ ئامىلى دىنىدىن ئىبارەت. ھازىرقى ياۋروپانىڭ مەدەنىي جەمئىيىتىمۇ دىنىدىن ۋاز كەچكىنى يوق.

ياۋروپالىقلار تەشەببۇس قىلىۋاتقان دەھرىلىك شوئارى بىر تۇرلۇك يۈزەكى ھادىسىدۇر، يېقىنقى ۋە ھازىرقى ياۋروپا ئەللىرى ۋە جەمئىيەتلىرىنىڭ

ھەممىسى دېگۇدەك دىنىي ساقلاپ قالدى، ئۇ دۆلەتلەر قۇرۇلغان چاغدىلا دىنىي ئاسرايدىغان، دىنىي قوغدايدىغان سىياسەتلەرنى ئاكتىپ تۈردە قوللاندى.

دىنىي تەتقىقاتتا، ياراتقۇچى ئىگىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى دەلىللەش ھەممىدىن مۇھىم بولۇپ كەلدى، بۇنداق قىلىش ئىنسانىيەت تارىخىدا ئەزەلدىن ئۈزۈلۈپ قالمىدى. تەتقىقات نەتىجىسىدە بەزىلەر ئېھتىمال كۆزلىگەن نىشانغا ۋە توغرا مەقسەتكە يېتىشى مۇمكىن، بەزىلەر ئېھتىمال چىگىشلىك ئىچىگە پېتىپ قېلىپ، تۈرلۈك ھادىسىلەردىن قايمۇقۇپ، بىر قىسىم ماھىيەتلىك مەسىلىلەرگە يولۇققاندا بېشى قېتىپ، ئىلگىرىلىيەلمەي توختاپ قېلىش بىلەن ئىنسانلار ئىدىيىسىنىمۇ قاتماللاشتۇرۇپ، ئۇلارنى مەلۇم خۇراپىيلىقنى ياكى ھەر خىل ئەپسانىلەر ئارىلاشقان مەلۇم دىنىي قوبۇل قىلىشقا ئېلىپ بېرىشىمۇ مۇمكىن. ئاللاتائالا ۋەھيى قىلغان ساماۋى دىنلارنىڭ ھەممىسى ئۇلۇغۋاردۇر، ئاللاتائالا بۇ دىنلارنى پەيغەمبەرلەر ۋە رەسۇلۇللاغا ئىنسانلارغا توغرا ئېتىقادنى شەرھلەپ بېرىش ئۈچۈن ۋەھيى قىلغان. ھمايە قىلىنىدىغان ساماۋىي دىنلار ئىسلام دىنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇنىڭ ئۇلۇغ قىممىتى ئالەم بىلەن بىللە مەۋجۇتتۇر. تۆۋەندە بىز دىنىنىڭ ئىنسانلار تۇرمۇشىدىكى رولى ۋە كىشىلەرنىڭ دىنغا بولغان ئېھتىياجىنى تەتقىق ھەم بايان قىلىمىز.

**ئېتىقاد توغما ئىقتىدارنىڭ پەلسەپىۋى ئاساسى**

دىنشۇناسلار، جەمئىيەتشۇناسلار ۋە پەيلاسوپلار دىنىي ئېتىقادنىڭ ئادەمنىڭ توغما تەبىئىتى ئىكەنلىكىنى لوگىكىلىق يىغىنچاقلاش ۋە يېشىش ئۇسۇلى بىلەن ئىسپاتلاش ئارقىلىق ئېتىقادنىڭ توغما ئىقتىدار، ئەزەلىي ئىكەنلىكىنى ئېچىپ بەرگەن. بۇنىڭ بايانى تۆۋەندىكىچە:

**بىرىنچى، ئېتىقادنىڭ رولى روھىي دۇنيا ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە ئۇنىڭ ئىچكى ماھىيىتىنى چۈشىنىشتە ئىپادىلىنىدۇ.** ئۇ ئېتىقاد بىلگىلى بولىدىغان دۇنيانى كۆرۈش، ئاڭلاش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ، بەلكى ئالەمدىكى جىمى ھادىسىلەر ئۈستىدە، يەنى ئادەم نېمىشقا يارىتىلغان؟ ئۇنى كىم ياراتقان؟ ئالەم نېمىشقا يارىتىلغان؟ ئۇنى كىم ياراتقان؟ بۇنىڭدىكى مەقسەت نېمە؟ دېگەندەك بىر قاتار مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىدۇ، بۇ پىكىر يۈرگۈزۈشلەر كىشىلەرنى تەتقىق قىلىپ ئىزدىنىشكە، ھەم ئاخىردا ھەقتائالاغا ئىشىنىشكە ئۈندەيدۇ.

ئادەمنىڭ روھىي دۇنيا ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە پىكىر يۈرگۈزۈش جەھەتتىكى توغما ئىقتىدارى مەڭگۈ توختاپ قالمايدۇ. مانا بۇ، ئادەمنىڭ نېمىشقا چەكسىز ئالغا ئىنتىلىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىدۇر. ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكى تەرەققىي قىلىپ، مەيلى قايسى دەرىجىگە يەتسۇن، مەيلى قانچىلىك ئىلمىي بايقاش ۋە كەشپىياتلار بارلىققا كەلسۇن، ئادەم ھامان كۆز ئالدىدىكى بىپايان ئالەمنىڭ تەكتىنى بىلىشكە قىزىقىدۇ. ئەمما ئىلىم-پەنمۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئاخىرقى تۈردە جاۋاب بېرىپ بولالمايدۇ، چۈنكى ئىلىم-پەن ئالەم ۋە تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ئىلىم-پەننىڭ ئۈنۈملۈك دائىرىسى پەقەت سەزگىلى بولىدىغان ماددىي دۇنيا بىلەنلا چەكلىنىدۇ. ئادەم ئۆلگەندىن كېيىنكى ئاقىۋەت قانداق بولىدۇ؟ ئادەمنىڭ قىسقىغىنا ھاياتىدىن كېيىن يەنە مەڭگۈلۈكلىك بولامدۇ؟ بىزنىڭ بۇ مەڭگۈلۈكلىك بىلەن نېمە مۇناسىۋىتىمىز بار؟ بۇ مەسىلىلەرنى ھېچكىم چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ، پەقەت بۇ ھەقتە ھۆكۈملا قىلالايدۇ.

**ئىككىنچى، ئادەمزات قابىلىيىتىنىڭ چەكلىكلىكى ۋە "قۇدرەتلىك كۈچ"كە موھتاجلىقى.** ئادەم مۈشكۈل ئەھۋالدا قالغاندا، بۇ كۈچ ئۇنى قۇتقۇزىدۇ، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ؛ ئادەم ۋەھىمە ئىچىدە قالغاندا، بۇ كۈچتىن ياردەم تىلەيدۇ، ئۇ بولسا ئادەمنى قىيىن ئەھۋالدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قۇتقۇلدۇرىدۇ، بۇ كۈچ شەكىلسىزدۇر، چەكسىزدۇر؛ ھالبۇكى، ئادەمنىڭ كۈچى دەل بۇنىڭ ئەكسىچە چەكلىكتۇر.

ئاللاتائالا ھەققىدە بىرەيلەن ئىمام جەئفەر سادىقتىن سوئال سورىغان، ئىمام: "سەن دېڭىز سەپىرىدە بولغانمۇ؟" دەپ سورىغاندا، ئۇ: "بولغان" دېگەن. ئىمام يەنە: "دېڭىز بورىنىغا ئۇچراپ باققانمۇ؟" دەپ سورىغاندا، ئۇ: "ئۇچرىغان" دېگەن. ئىمام يەنە: "سەن دېڭىزچىدىن ۋە قۇتقۇلدۇرۇش تەدبىرلىرىدىن ئۈمىدسىزلەنگەنمۇ؟" دەپ سورىغاندا، ئۇ: "ئۈمىدسىزلەنگەن" دېگەن. ئىمام يەنە: "شۇ ۋاقىتتا سېنىڭ كاللاڭدا 'تەبىئەتتىن تاشقىرى بىر كۈچ' نىڭ خالىسا سېنى قۇتقۇلدۇرۇپ قالالايدىغانلىقى ھەققىدە بىرەر ئوي پەيدا بولغانمۇ؟" دەپ سورىغاندا، ئۇ: "بولغان" دېگەن. ئىمام: "ئەنە شۇ كۈچ دەل ھەقتائالادۇر" دېگەن.

ئادەم ئۆز قەلبىدە دائىم، ئادەمنى قۇتقۇزۇپ ئۆلۈم ۋە بالا-قازادىن خالاس قىلالايدىغان، ئادەمنىڭ غەم-ئەندىشىلىرىنى كۆتۈرۈۋېتەلەيدىغان "تەبىئەتتىن تاشقىرى بىر كۈچ"نىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلىدۇ. بۇ ھېس-تۇيغۇنى ئېتىراپ قىلغانلا ئادەم ئېتىقادلىق ئادەمدۇر. بۇ "تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچ"نىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تۇيۇپ تۇرۇپمۇ ئۇنى ئېتىراپ قىلمىغان ئادەم ئېتىقادسىز ئادەمدۇر. «قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆپلىگەن ئايەتلىرىدە مۇشۇنداق ئادەملەرنىڭ روھىي ھالىتى تەسۋىرلەنگەن. مەسىلەن: "**ئاللا سىلەرنى قۇرۇقلۇقتا (يەنى ئۇلاغلار ئۈستىدە)، دېڭىزدا (يەنى كېمىلەر ئۈستىدە) سەپەر قىلدۇرىدۇ، سىلەر ئولتۇرغان كېمە (كىشىلەرنى ئېلىپ) مەيىن شامالدا مېڭىۋاتقان ۋە (بۇ) شامالدىن ئۇلار خۇشاللىنىۋاتقان چاغدا، بىردىنلا بوران چىقىپ (كېمە ئۆرۈلىدۇ)، ئۇلار تەرەپ-تەرەپتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان دېڭىز دولقۇنلىرى ئىچىدە قالىدۇ، كېمىدىكىلەر قورشىۋېلىنغانلىقىغا (يەنى ھالاك بولىدىغانلىقىغا) جەزم قىلىدۇ. (چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىنى تاشلاپ قويۇپ) 'ئى خۇدا! ئەگەر سەن بىزنى بۇنىڭدىن (يەنى بالادىن) قۇتقۇزساڭ، بىز چوقۇم شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولىمىز' دەپ چىن كۆڭلى بىلەن دۇئا قىلىدۇ. ئاللا ئۇلارنى (بۇ بالادىن) قۇتقۇزغاندىن كېيىن ئۇلار يەر يۈزىدە يولسىزلىق بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلىدۇ**" (10-سۈرە «يۇنۇس»، 22—23-ئايەتلەر). "**سىلەر دېڭىزدا بىرەر ئاپەتكە يولۇققان چېغىڭلاردا، ئېسىڭلارغا سىلەر چوقۇنۇۋاتقان مەبۇدلار كەلمەي، پەقەت ئاللا كېلىدۇ (يەنى ئىنسان بۇنداق چاغدا ئاللادىن باشقىغا ئىلتىجا قىلمايدۇ)، ئاللا سىلەرنى (غەرق بولۇشتىن) قۇتقۇزۇپ، (ئامان-ئېسەن) قۇرۇقلۇققا چىقارغاندا يۈز ئۆرۈيسىلەر (يەنى ئىخلاسىڭلار تۈگەپ، ئاۋۋالقى ھالىتىڭلارغا قايتىۋالىسىلەر). ئىنسان كۇفرىلىق قىلغۇچىدۇر (يەنى ئاللانىڭ نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىش ئىنساننىڭ تەبىئىتىدۇر**" (17-سۈرە «بەنى ئىسرائىل»، 67-ئايەت).

بۇ ئايەتلەردە ئادەمنىڭ ئىقتىدارسىزلىق روھىي ھالىتى ئېچىپ بېرىلگەن ھەم ئادەمنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدىكى شۇ ئىقتىدارسىز ھالەتتىن قۇتۇلالمايدىغانلىقى، بۇنىڭ ئۆزى ئادەملەرنى تەڭداشسىز ۋە غايىبى بىر ياراتقۇچىغا دۇئا قىلىشقا ئۈندەيدىغانلىقى بايان قىلىنغان. ئۇلار قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندا، ئاللاتائالاغا دۇئا قىلىپ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش ۋە قۇتقۇزۇلۇشنى تىلەيدۇ ھەمدە ئاللاتائالاغا تەۋبە قىلىپ بويسۇنۇش، ئىتائەت قىلىشقا ۋەدە بېرىدۇ. ئەمما ئۇلار قۇتقۇزۇۋالغاندىن كېيىن دەرھال ھەممىنى ئۇنتۇيدۇ، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدۇ، يەنىلا ئازغۇنلۇقتا يۈرۈيدۇ. ئاللانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەن، ئەقلىنى ئىشلىتەلەيدىغان، ئۆزىنى ئىززەتلەيدىغان ھەم ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشى، بۈگۈنى ۋە كەلگۈسىنى ئويلايدىغان ئادەملا ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىدىغان،

ئاللاتائالاغا تەقۋادار ئادەمدۇر.

ئادەم پۈتكۈل تەبىئەت ئالدىدا ئۆزىنى ئىقتىدارسىز ھېس قىلىدۇ، ئۇ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتە، مەيلى قايسى ياش باسقۇچىدا بولسۇن، بۇ تۇيغۇ ئۇنىڭدا ئىزچىل داۋاملىشىدۇ. ئادەمنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ يېتىلىشكە ئەگىشىپ ئىقتىدارسىزلىق تۇيغۇسىمۇ ئۇنىڭدا چوڭقۇرلىشىپ بارىدۇ. ئادەم پىشىپ يېتىلىش دەۋرىگە يەتكەندىمۇ تېخىمۇ چوڭ دائىرىدە ئۆزىنى يەنىلا ئاجىز ھېس قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۆزى دەلىللىمەكچى بولغان دائىرىنى دەلىللىشى ھەم ئۆزى بىلەلىگەن دائىرىنى تىزگىنلىشى تەسكە توختايدۇ، شۇڭا ھېلىقىدەك ئىقتىدارسىزلىق تۇيغۇسى ئۇنىڭدا يەنىلا مەۋجۇت بولىدۇ.

**ئۈچىنچى، ئادەمنى دىنغا تەبىئىي ئېتىقاد قىلدۇرىدىغان سەۋەبلەر.** بۇ سەۋەبنىڭ بىرى شۇكى، ئادەملەر چەكسىز ئالەم ئالدىدا ۋەھىمىگە چۈكىدۇ، ئادەملەرنىڭ بۇ خىل تۇغما تەبىئىتى ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتىدۇ، تەپەككۇر يولىنى ئاچىدۇ ھەم ئۇلارنى ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان ئاللاتائالاغا ئىلتىجا قىلىشقا ئۈندەيدۇ. ئاللاتائالانىڭ دەرگاھىدا ئۇلارنىڭ ۋەھىمىسى پەسىيىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنى تىنچ-ئامان ھېس قىلىدۇ ۋە ئاللاتائالا بىلەن زىچ مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئاندىن ئاللاتائالاغا ئىخلاس بىلەن ئېتىقاد قىلىشقا باشلايدۇ، مۇشۇنداق قىلىشلا دىنىي ئېتىقاد ھېسابلىنىدۇ.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ نۇرغۇن ئايەتلىرى كىشىلەرنى چەكسىز ئالەمنى، بۇ ئالەمدىكى خىلمۇخىل ھالەتلەرنى ۋە ئاجايىپ-غارايىپ مەخلۇقاتلارنى (يارىتىلغانلارنى) ھەم كىشىلەرنىڭ بۇ ھالەتلەرنىڭ تېگىگە يېتىشكە ئامالسىزلىقىنى كۆزىتىشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ.

«قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: "**ئاللا ئاسمانلارنى تۈۋرۈكسىز ياراتتىكى، سىلەر ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىلەر، يەر تەۋرەپ سىلەرنى خاتىرجەمسىز قىلمىسۇن دەپ يەردە تاغلارنى ئورناتتى، زېمىندا تۈرلۈك جانىدارلارنى ياراتتى، بۇلۇتتىن يامغۇر سۈيىنى چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن زېمىندا تۈرلۈك پايدىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق. مانا بۇلار ئاللانىڭ (ياراتقان) مەخلۇقاتلىرىدۇر، ماڭا كۆرسىتىپ بېرىڭلاركى، ئاللادىن باشقا مەبۇدلىرىڭلار زادى نېمىلەرنى ياراتتى؟ بەلكى زالىملار ئوپئوچۇق گۇمراھلىقتىدۇر**" (31-سۈرە «لوقمان»، 10—11-ئايەتلەر).

قۇرئاندا مۇشۇنداق ئايەتلەر ناھايىتى كۆپ. مۇبادا ئادەملەر ئاللاتائالاغا قەتئىي ئىشەنمىسە، بۇ ھادىسىلەر ئالدىدا ئامالسىز قالماستىن، بەلكى نېمە قىلارنى بىلمەي ھودۇقۇپ، قاتتىق ۋەھىمىگە چۈكىدۇ.

بەلكىم بەزىلەر، بۇنداق ۋەھىمە پەقەت نادانلىقتا قالغان قەدىمكى دەۋردىلا مەۋجۇت ئىدى، ئاشۇ ۋەھىمە قەدىمكى كىشىلەرنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا ھەم شۇ ئارقىلىق قايتا ۋەھىمە ھېس قىلماسلىققا مەجبۇر قىلغانىدى، ئەمما ھازىرقى دەۋردە بىز ۋەھىمە ھېس قىلمايمىز، كۆڭلىمىزدىمۇ ئەمدى ۋەھىمە پەيدا بولمايدۇ، شۇڭا ھازىرقى كۈندە دىنىنىڭ ھاجىتى قالمىدى، دېيىشى مۇمكىن.

بۇنىڭغا جاۋاب شۇكى: بۇنداق ۋەھىمە ئۆتمۈشتىلا مەۋجۇت بولۇپ قالماستىن، ھازىرمۇ مەۋجۇت، كەلگۈسىدىمۇ يەنىلا مەۋجۇت بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەمدىكى ئىقتىدارسىزلىقنىڭ بىر تۈرلۈك مۇقەررەر نەتىجىسى بولۇپ، ئادەمنىڭ تۇغما ئىقتىدارى ۋە قابىلىيىتىگە سىڭىپ كەتكەن، پەقەت شۇ ۋەھىمىنىڭ ئامىللىرىدىلا مەلۇم ئۆزگىرىش بولىدۇ، خالاس. قەدىمكى ئادەملەر كۈن، ئاينىڭ تۇتۇلۇشىدىن، قارا قۇيۇن، قارا بوراننىڭ چىقىشىدىن ۋە بىر قېتىم يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن قورقاتتى؛ شۇنداقلا، يامغۇر ياغماي قۇرغاقچىلىق يۈز بېرىشى، دەريا سۇلىرىنىڭ قۇرۇپ كېتىشى قاتارلىقلاردىن ئەنسىرەيتتى.

ئويغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ھالبۇكى، ھازىرقى قورقۇنچ ئامىللىرى يۇقىرىقى ھادىسىلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ، بۇ ھادىسىلەر كۆپلىگەن ئامىللار تەرىپىدىن ئاللىقاچان ئىسپاتلانغان. ئۇلار ھەرقايسى ساھەلەردە كېچە-كۈندۈز ئىزدىنىپ، ھەر خىل ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئەمما ئالىملار ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقاتى جەريانىدا، ھامان بىر ”تاشقىرى كامالىي كۈچ“ نىڭ، ”جىمى نەرسىلەرنى ئۇيۇشتۇرغۇچى ئىرادە“ نىڭ، ”ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەقىل-پارا-سەت“ (نىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ۋە بۇ ”مۇتلەق مەۋجۇداتنىڭ ئۇلۇغلۇقى“نى ھېس قىلماي قالمايدۇ. مەسىلەن، راك كېسىلى ۋە باشقا ئەجەللىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالامەتلىرى، كۆزنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە بەدەندىكى پۇت-قوللارنىڭ ماسلىشىشىدىكى سىرلار، ھامىلە شەكىللەنگەندىلا جىنس ئايرىمىسى چوڭ مىڭە ھۈجەيرىلىرى توقۇلمىسى ۋە نېرۋا سىستېمىسى قاتارلىقلارنىڭ ئاتا قىلىنغانلىقى كىشىنى گاڭگىرىتىپ قويىدۇ.

بىز يەنە سوراپ باقايلى: ئادەم ۋە ئىلىم-پەن يەر تەۋرەش ۋە بوران-چاپقۇننى ئۈنۈملۈك تىزگىنلىيەلىدىمۇ؟ ئاشۇ ھادىسىلەر قانچىلىغان مۈكەممەل سانائەت شەھەرلىرىنى ھەش-پەش دېگىچە ۋەيران قىلىپ، نەچچە يۈز مىڭلىغان ئادەمنى جېنىدىن ئايرىمىدىمۇ!

ھازىرقى كۈندە ئىنسانىيەت دەريا سۈيى ۋە يامغۇرغا موھتاج ئەمەسمىكەن؟ سۇ مەنبەسى قۇرۇپ كەتكەن چاغدا، بۇرۇنقى ياۋروپا ۋە بۈگۈنكى ئاسىيا، ئافرىقىدىكى ئىنسانلار ئوخشاشلا ئۇنىڭ ئېغىر تەھدىتىنى ھېس قىلمىدىمۇ؟ ”ئاقىۋەتنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولماسلىق“ ئاگاھلاندۇرۇشى دۇنيانى پات-پات تىترىتىپ تۇرماقتا.

ئىلىم-پەن مەلۇم بىر مەۋجۇداتنىڭ (يارال-مىشنىڭ) قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بېرىپ، ئۇنىڭ ھەرىكەتلىنىش ئەھۋالى ۋە قۇرۇلمىسىنىڭ سىرىنى چۈشەندۈرەلىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ قانۇنىيىتىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، پەقەتلا ئۇنىڭدىن پايدىلىنالايدۇ. بىراق شۇ قانۇنىيەتلەرنى ئېچىپ بېرىشنىڭ قىممىتى ھەققىدىكى ئويلىنىشلارنىڭ يەنىلا ناھايىتى چوڭ ئەھمىيىتى بار. چۈنكى يارىتىلغان ھەرقانداق نەرسە ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان ھەم باشقا ھېچقانداق نەرسە ئورنىنى باسالمايدىغان قانۇنىيەت بويىچە ھەرىكەتلىنىدۇ. مەسىلەن، ئىنسانىيەت ئاي شارىنى ”بويسۇندۇرۇش“قا ۋە مارسقا يېتىشكە نەچچە ئون مىليارد مەبلەغ سەرپ قىلدى، بىراق ئىنسانلار ئۇلارنىڭ ماھىيەتلىك قانۇنىيىتىنى ئۆزگەرتەلىدىمۇ؟ ئۇلارنىڭ ئوربىتاسىنى ئورنىدىن يۆتكىۋەتەلىدىمۇ؟ جاۋاب شۇكى، ئۇنداق قىلالمىدى.

**تۆتىنچى، ئالەم قانۇنىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىش.** ئالەمنىڭ ۋە ئۇنى تەشكىل قىلغۇچى ھەرقايسى تەركىبلەرنىڭ قانۇنىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىشتە ئادەملەر ئاۋۋال ئۆز ۋۇجۇدىنىڭ تۈزۈلۈشى، ھەرقايسى ئەزا ۋە سىستېمىلىرىنىڭ ئىقتىدارى ھەققىدە ئىزدىنىشتىن باشلاپ، ئاندىن ئالەمدىكى سەييارىلەر، يەر شارى قاتارلىقلارنىڭ ھەرىكەتلىنىش قانۇنىيىتى ئۈستىدە ئىچكىرىلەپ ئىزدىنىشى لازىم. ئىلىم-پەن تەرەققىي قىلغانسېرى ئالىملار ئالەمنىڭ چەكسىزلىكىنىڭ، ئۇنىڭ نازۇكلۇقىنىڭ ۋە ھەرىكەتلىنىش قانۇنىيىتىنىڭ تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان دەرىجىدە سىرلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماقتا. ئۇلارنى ئىتائەت قىلمىسا بولمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرگەن بۇ ”يارىتىش قادىرلىقى“ يارىتىلغۇچىدىن ياراتقۇچىغا، غەيرىي تەبىئىيلىكتىن تەبىئىيلىككە يۈزلەنگەن بۇ بىر خىل ئىرادە، نەتىجىدىن تارتىپ سەۋەبكىچە، كىشىلەرنى ياراتقۇچىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا دەل ئەقلىي ھېسسىيات بىلەن ئىشىنىشكە ئۈندەيدۇ. خۇددى ساغلام تەپەككۇرلۇق بىر كۆچمەن چارۋىچى ئېيتقاندەك: ”تۆگە لوككىسى تۆگىنىڭ بارلىقىنى، ئاياغ ئىزى يولۇچىنىڭ ماڭغانلىقىنى ئىسپاتلاي-دۇ“. ئۇنداقتا يۇلتۇزلىرى چاقناپ تۇرغان ئالەم،

ئېگىز-پەس تاغلار تۇرغان بىپايان زېمىن، دولقۇنلىرى چاچراپ تۇرغان دېڭىز ئەجەبا ھەممىنى بىلىدىغان، ھەممىگە قادىر ھەقتائالانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟

گەرچە ئادەمدە ئېتىقاد، تۇغما ئىقتىدار بولمىسىمۇ، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ئالەم ۋە يارىتىلغان نەرسىلەرنى چۈشىنىپ تەتقىق قىلىشى، قانۇنىيەتلەرنى بايقىشى، شۇ ئارقىلىق ئۆز ئېتىقادىنى كۈچلەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم»دە كەڭ ساھەلەر نامايان قىلىنغان.

«قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: **"ئۇلار قارىمامدۇكى، تۆگىلەر قانداق يارىتىلدى، ئاسمان قانداق ئېگىز قىلىندى، تاغلار قانداق تۇرغۇزۇلدى، زېمىن قانداق يېيىتىلدى. سەن (ئۇلارغا) ۋەز-نەسىھەت قىلغىن، سەن پەقەت (ئۇلارغا) ۋەز-نەسىھەت قىلغۇچىسەن"** (88-سۈرە «غاشىيە»، 17—21-ئايەتلەر).

شۇنداق دېيىشىمىزگە بولىدۇكى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەربىر سۈرىسىدە، بولۇپمۇ مەككە سۈرىلىرىدە ئالەم ئۈستىدە ئىزدىنىش، ئالەمنىڭ شەكىللىنىشى ۋە قانۇنىيىتىنى چۈشىنىش توغرىسىدا نۇرغۇن بايان ۋە بېشارەتلەر بار. ئۇ كىشىلەرنى ئاللاتائالانىڭ ھەممىنى يارىتىشقا قادىرلىقىنى بىلىشكە، شۇ ئارقىلىق ئاللاتائالانى يەنىمۇ چوڭقۇر تونۇشقا، ئاللاتائالاغا ئىتائەت ۋە ئېتىقاد قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ.

ئېتىقاد تۇغما ئىقتىدارى يوق ئادەم بولمايدۇ، چۈنكى ئېتىقاد ئادەمنىڭ ئۆزلۈك روھىيىتى ۋە تەبىئىتىنىڭ بىر قىسمىدۇر. فرانسىيىلىك بىر پەيلاسوپ ئۆزىنىڭ نېمىشقا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېگەن: "مەن دېمىسەممۇ بولاتتى، ئەگەر دېيىشكە توغرا كەلسە مۇنداق جاۋاب بەرمەي بولمايدۇ: بۇ مېنىڭ بىر ئىقتىدارلىق ئادەم ئىكەنلىكىمدىندۇر، مەن بۇ ئىنسان تەبىئىتىگە خىلاپلىق قىلالمايمەن. ئېتىقاد ھەركىمدە كەم بولسا بولمايدىغان بىر خىل روھىي ئوزۇقتۇر".

(**تەرجىمە قىلغۇچى: ئەنۋەر مۇھەممەت؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى.**)

## بىڭتۇەن دىنىي زاتلار ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى بېيجىڭ، شاڭخەيدىكى ئېكسكۇرسىيىسىنى تاماملاپ غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلدى

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى مىللەتلەر دىن ئىشلىرى كومىتېتى تەشكىللىگەن، كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى پېي يۈيجىن باشچىلىقىدىكى 14 كىشىدىن تەركىب تاپقان بىڭتۇەن تۇنجى قېتىملىق دىنىي زاتلار ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى 9-ئاينىڭ 5-كۈنىدىن 19-كۈنىگىچە بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق شەھەرلەردە ئېكسكۇرسىيىدە بولدى. دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، بېيجىڭ شەھەرلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، بېيجىڭ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى، شاڭخەي شەھەرلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، شاڭخەي شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى قاتارلىق ئورۇنلار بۇ ئۆمەكتىكىلەرنى قىزغىن كۈتۈۋالدى ۋە ئۇلار بىلەن كەڭ كۇشادە سۆھبەتلەشتى.

ئېكسكۇرسىيە جەريانىدا دىنىي زاتلارنىڭ روھىي كۆتۈرۈلۈپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتىن بۇيان قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى، ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات پەرقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. بىڭتۇەن پارتكومىنىڭ كەڭ دىنىي زاتلارغا مۇشۇنداق پۇرسەت يارىتىپ بەرگەنلىكىگە ئاللاھىدە رەھمەت ئېيتتى ھەمدە ھەرقايسىسى ئۆز جايىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرى، ئۆز تەسىراتى ئارقىلىق كەڭ ئاممىنى تەربىيىلەپ ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا ئاتلىنىپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىگە يېتىشكە تىرىشىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

(**ھۆسەنجان ئىبراھىم**)

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

# ھارامنى تەرك ئېتىپ، ھالال ياشايلى

□ ياقۇپ ھەمدۇللا

ئېلىمىز ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىشىكنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋەتكەندىن بۇيان، بازار ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىش، بازارغا يۈزلىنىش خۇددى باھار پەسلىدىكى ئەگىز سۈيىدەك ھەممە يەرگە تەكشى يامراپ، زور ئېقىن ھاسىل قىلىپ، مەۋج ئۇرۇپ دولقۇنلىماقتا. بازار ئىگىلىكى قايىنىمىدا ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراستى، ھۈنەر-سەنئىتى، ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلىپ، ھالال ئەمگىكى بىلەن ھالال پۇل-دۇنيا تېپىپ، باي بولۇش يولىدا تىرىشىپ ئىزدەنمەكتە.

ئىسلام دىنى ھالال كەسىپ قىلىشنى تەكىتلەپ، ھارام كەسىپ ۋە ھارام پۇلنى چەكلەيدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق ئايەت بار: **"ئاللا سودا-سېتىقنى ھالال قىلدى"** (2-سۈرە «بەقەرە»، 265-ئايەت). مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: **"بۇ دۇنيالىق ئۈچۈن تىرىشقىن، خۇددى مەڭگۈ ئۆلمەيدىغاندەك؛ ئۇ دۇنيالىق ئۈچۈن تىرىشقىن، خۇددى ئەتىلا ئۆلىدىغاندەك"** دېگەنىدى. بىز بىر ئاللاغا ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللاغا ئىبادەت قىلىشنى چىڭ تۇتۇپ، پەرز، سۈننەت، ئەمەللەرنى بەجا كەلتۈرۈش بىلەن بىرگە، بۇ دۇنيادىكى تىرىكچىلىك ئۈچۈن ھارماي تەر تۆكۈشىمىز كېرەك. ئۇ دۇنيالىقنى بىر قولدا، بۇ دۇنيالىقنى بىر قولدا بوشاشماستىن چىڭ تۇتقاندىلا ئىككى دۇنيالىق سائادەتمەن بەندىلەردىن بولالايمىز.

ئاللا بۇ ئالەمنى بىزنىڭ باشقۇرۇشىمىز، رىزق تېپىپ يېيىشىمىز ئۈچۈن ياراتقان. ئالەمنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى توغرا ئىگىلەپ، ھەم ئۇ قانۇنىيەتلەردىن ئۆزىمىز ئۈچۈن پايدىلىنىپ ئاللاتائالا ئاتا قىلغان رىزقىمىزنى ھالاللاپ تېپىشىمىز كېرەك. ئۇ دۇنيالىق بەخت-سائادەت — پاك ئېتىقاد، ياخشى ئەمەل، ساپ نىيەتتىن كېلىدۇ. بۇ دۇنيالىق بەخت-سائادەت — ئىزدىنىشتىن، ھالال ئەمگەكتىن، كۈرەشتىن كېلىدۇ. دېمەك، بەخت-سائادەتنى ئادەم ئۆزى تاپىدۇ.

«قۇرئان كەرىم»دىكى: **"ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا (يەنى نامازدىن پارىغ بولغىنىڭلاردىن كېيىن) زېمىنغا تارىلىپ (يەنى ئۆز مەشغۇلاتىڭلار بىلەن بولۇپ)، ئاللانىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار، مەقسىتىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللانى كۆپ ياد ئېتىڭلار"** (62-سۈرە «جۇمۇئە»، 10-ئايەت) دېگەن ئايەت، ھەم ھەدىس شەرىپتىكى **"كىشىنىڭ ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىپ يېگەن تامىقى ئەڭ ھالال تاماقتۇر"، "كىمكى ئاللادىن بايلىقنى تىلىسە، ئاللا ئۇنى باي قىلىدۇ"** دېيىلگەن كۆرسەتمىلەردىن بىز پۈتكۈل كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى ئاللاتائالانىڭ رەھىم-شەپقىتىگە ھەم پەيغەمبىرىمىزنىڭ شاپائىتىگە سېغىنىپ ھالال كەسىپ قىلساق، بەرىكىتىنى ئاللا بەرگۈسى.

ئاللا ھەممىنى بىلگۈچىدۇر. بەندىلەرنىڭ ھەرقانداق ئىش-ھەرىكىتى، ئوي-پىكرى ئاللانىڭ نەزىرىدىن خالىي ئەمەس. ئاللا خالىسا بىزگە كۆپ رىزق ئاتا قىلىدۇ، خالىمىسا ئاپەت ئاتا قىلىدۇ. بۇ دۇنيادىكى ھەرقانداق ئىش ئاللانىڭ ئىلكىدە بولىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈش كېرەك. ئىمان كۈچلۈك بولسا، دىلىمىز يورۇپ، يولىمىز ئايدىڭلىشىپ، ھەق-ناھەق، ھالال-ھارامنى ئېنىق پەرق ئېتىپ، ھەر ئىككىلا ئالەم سەپىرىگە يېتەرلىك ئوزۇق يىغالايمىز.

ئېلىمىز مۇسۇلمانلىرى ئۇزاق تارىختىن بۇيان ھۈنەر-سەنئەتتە، سودا-سېتىقتا دۇنياغا داڭلىق. مەشرىقتا شەرقىي دېڭىز ساھىللىرىدىن باشلىنىپ، مەغرىبتە غەربىي ياۋروپاغا تۇتاشقان يىپەك يولى — ئۇلۇغ سودا كارۋان يولى بۇ سۆزىمىزنىڭ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان دەلىلى. ئىسلاھات داۋاملىق

چوڭقۇرلىشىۋاتقان، ئىشىك تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىلگەن، ياخشى سىياسەت-پەرمانلارنىڭ كۈچىدىن ئىقتىساد ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئېلىمىز مۇسۇلمانلىرى ئىسلاھاتقا ماسلىشىپ، بازار ئىگىلىكىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، يېڭى كەيپىيات، قەيسەر ئىرادە بىلەن يېڭى قەدەم ئېلىپ، كۆپ ئىجتىهات قىلىپ، بۇ دۇنيالىق گۈزەل ھاياتنى تېخىمۇ گۈزەل قۇرۇپ چىقىشقا ئىنتىلمەكتە. پاك نىيەت، ساغلام ئەقىل، ھالال ئەمگەككە تايىنىپ كۆپ پۇل تېپىپ، تېز باي بولۇپ ھەم دۆلەتكە تۆھپە قوشۇپ، ھەم ئائىلىسىگە بەخت ياراتماقتا. باي بولغاندا ئۇلارنىڭ دۆلەت ۋە مىللەت ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى ھەم مەسئۇلىيىتىنى ئۇنتۇماي مەكتەپ سېلىش، دوختۇرخانا سېلىش، قۇدۇق قېزىش، كۆۋرۈك سېلىش، يول ياساش، يېتىم-يېسىرلارغا خەير-ساخاۋەت قىلىش، پېقىر-مىسكىنلەرگە سەدىقە بېرىش، مەسچىتلەرنى رېمونت قىلىش قاتارلىق خۇدايى خالىس ساۋابلىق ئىشلارغا پۇل سەرپ قىلىپ، ئەلنىڭ ئالقىشىغا، ئاللانىڭ ساۋابىغا ئېرىشمەكتە. ئاللا مەقبۇل قىلسا، بۇ ساخاۋەتلىك ئىشلار بۇ دۇنيالىق ئېتىزىغا ئاخىرەتلىك گۈل ئۇرۇقى چېچىش بولىدۇ، خالاس.

لېكىن ئاز ساندىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز پۇل-دۇنياغا زىيادە ھېرىس، بېخىل ھەم ئاچكۆز بولۇپ، قولىدىن كېلىدىغان ھەرقانداق قەبىھ ۋاستىلەر ئارقىلىق پۇل تېپىش كويىدا قانۇن-نىزاملارنى كۆزگە ئىلماي، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئەنئەنىۋى كەسىپ ئەخلاق-مىزانلىرىنى ئاياغ ئاستى قىلىپ، باشقىلارنىڭ پۇل-مېلىنى شىلىۋېلىش، قىمار ئويناش، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش، ئوغرىلىق قىلىش، بۇلاڭچىلىق قىلىش، زىناخورلۇق قىلىش، قاتتى-سوقتى قىلىش، خىيانەت قىلىش، پارا بېرىش، پارا ئېلىش، جازانىخورلۇق قىلىش، ئەتكەسچىلىك قىلىش، سودىدا ئادىل بولماسلىق، جىڭ-تارازىدا ئارتۇق-كەم قىلىش، ساختا تاۋار، ناچار ماللارنى سېتىشتەك يامان يولدا مېڭىپ، ھارام پۇل تېپىپ باي بولماقتا. بۇنداق كىشىلەر زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىپ، بۇزۇپ-چېچىپ، ئىسراپ قىلىپ ھارام پۇلنى ھارام يولغا خەجلەپ پۇقرالارنىڭ ئەمىنلىكىنى، جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقىنى بۇزۇپ، ئىسلام شەرىئىتىگە مۇخالىپ ئىش قىلىپ، بىز مۇسۇلمانلارنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرمەكتە. «قۇرئان كەرىم»دە: **"ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلارغا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرىنى بىلەن پال سېلىش، شەيتاننىڭ ئىشى. پاسكىنا قىلىقلاردۇر"** (5-سۈرە «مائىدە»، 90-ئايەت) دېيىلگەن. ئىسلام دىنى بۇنداق پاسكىنا قىلىقلارغا ئەزەلدىن قارشى. مۆمىنلەر بۇنداق گۇناھكار، ھارامخورلارغا نەپرەت ئوقۇيدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق ئايەتلەر بار: **"ئاللا ھەربىر كىشىنىڭ ياخشى-يامان ئەمەللىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ"** (16-سۈرە «نەھل»، 89-ئايەت). **"بىلىڭلاركى، سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار، بالىلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن بىر تۈرلۈك سىناقتۇر"** (18-سۈرە «كەھف»، 128-ئايەت). **"بىر-بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يەۋالماڭلار، بىلىپ تۇرۇپ كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى زۇلۇم بىلەن يەۋېلىش ئۈچۈن ھاكىملارغا پارا بەرمەڭلار"** (2-سۈرە «بەقەرە»، 188-ئايەت). **"ئۆلچەمنى ۋە تارازىنى توغرىلاڭلار، كىشىلەرنىڭ نەرسىلىرىنى كەم بەرمەڭلار"** (7-سۈرە «ئەئراف»، 85-ئايەت). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: **"ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق، راستچىل بولۇش، گۈزەل خۇلق ۋە بىتەما بولۇپ ھالال كەسىپ قىلىشتىن ئىبارەت تۆت خىسلەت بار، سەندە مۇشۇ تۆت خىسلەت بولۇپ دۇنيالىقتىن باشقا نەرسەڭ بولمىسىمۇ پەرۋا قىلمىساڭ بولىدۇ."** يۇقىرىدىكى ئايەت، ھەدىسلەردىن ئېنىقكى، ھارام نىيەت، ناتوغرا ۋاستىلەر بىلەن ئېرىشكەن پۇل-مال ھارامدۇر. ھارام پۇل-مالنى ئىستېمال قىلىشمۇ ھارام، ئەلۋەتتە. ھارام — ئىسلام دىنىدا قەتئىي چەكلەنگەن زىيانلىق

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

نەرسە. ئىسلام دىنىدا ھالال كەسىپ قىلىپ ھالال تائام يېيىش—پەرز ئەيىندۇر.

ئىسلام دىنى دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ، پاك دىنلارنىڭ بىرى. «قۇرئان كەرىم» مۇسۇلمانلار ئەدەب-ئەخلاقىنىڭ تۆپ مەنبەسى. سىزنى ئىككى دۇنيالىق بەختكە ئېرىشتۈرىدىغان بەخت ئاچقۇچى. ئۇقتىڭىزغا بەرىكەت، ئىشلىرىڭىزغا مۇۋەپپەقىيەت بېغىشلايدىغان ئىلمي ھېكمەت. دىللارنى يورۇتقۇچى چىراغ، بۇ دۇنيالىق ھەم ئۇ دۇنيالىق يولىڭىزنى يورۇتقۇچى ماياك. ھەربىر مۇسۇلمان «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇپ، ئۇنىڭ ئەقىدىلىرىگە ئەمەل قىلسا، قۇرئان ھېكمەتلىرى كىشىگە ساپدىيانەتلىك، ئەخلاق-پەزىلەتلىك، سەۋر-تاقەتلىك، توغرا-ئادىللىق تۇيغۇسى بېغىشلايدۇ. نەتىجىدە ئۇ كىشى ئىدىيىسى ئىلغار، ھەرىكىتى توغرا، ساخاۋەتلىك، مۇرۇۋۋەتلىك، پەزىلەتلىك، ئەدەبلىك، تىرىشچان ئەمگەك ئەھلىگە ئايلىنىدۇ. ئاللانى بىر، بار دەپ تونۇپ، ئاللانىڭ ھەممىنى بىلگۈچى ئىكەنلىكىگە شەك-شۈبھىسىز ئىمان كەلتۈرسەك، ھەر زامان، ھەر ماكاندا گۇمانلاردىن پەرھىز قىلىپ، ھالال-ھارامنى پەرق ئېتىپ، ھارامنى تەرك ئېتىپ، ھالال ياشيالايمىز. ئېتىقاد كۈچلۈك بولسا، ئىرادە قەتئى بولىدۇ. سۆز ئەدەبلىك، ھەرىكەت تەرتىپلىك، ئۇقەت بەرىكەتلىك بولىدۇ. «قۇرئان كەرىم» مۇسۇلمانلار ئەخلاق-پەزىلىتىنىڭ قوللانمىسى، ئىش-ھەرىكىتىنىڭ تارازىسىدۇر. "ئۆزىنىڭ قىممىتىنى بىلمىگەن ھالاك بولىدۇ" (ھەدىستىن).

دىنىي قېرىنداشلار! ئۆمۈر چەكلىك، چەكلىك بولغاچ قىممەتلىك. چەكلىك ئۆمۈرنى قەدىرلەپ، ئىككى دۇنيالىق ئىشلىرىمىزنى راۋاج تاپقۇزۇش ئۈچۈن ئاللاتائالانىڭ پەرز ئەمەللىرىنى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىنى بەجا كەلتۈرۈپ، ئاللانىڭ رەھمىتى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشايلى! روھىمىزنى ساپلاشتۇرۇپ، ھەرىكىتىمىزنى قېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن بۇ ئايەتلەرنى كۆپرەك ئوقۇيلى: "ساڭا بىز كىتابنى (يەنى قۇرئاننى ھەممە نەرسىنى (كىشىلەر موھتاج بولىدىغان دىنى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى) چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان، (دىللارغا) ھىدايەت، (بەندىلەرگە) رەھمەت، مۇسۇلمانلارغا مەڭگۈلۈك سادائەت بىلەن خۇشخەۋەر يەتكۈزىدىغان قىلىپ نازىل قىلدۇق. ئاللا ھەقىقەتەن (كىشىلەر ئارىسىدا) ئادىل بولۇشقا، (جىمى خەلققە) ياخشىلىق قىلىشقا، خىش-ئەقرىبالارغا سىلە رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. قەبىھ (سۆز-ھەرىكەتلەر)دىن، يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ، نەسىھەتنى قوبۇل قىلسۇن دەپ ئاللا سىلەرگە پەندى-نەسىھەت قىلىدۇ" (16-سۈرە «نەھل»، 89—90-ئايەتلەر).

(ئاپتور: مورى ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىپتىن؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى.)

## موللا كىچىك ھاجى مەكتەپ سالدى

گۇما ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، دېھقان كارخانىچى موللا كىچىك ھاجى يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان بازارغا يۈزلىنىپ قاتناش-ترانسپورت قاتارلىق كۆپ خىل كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق موجى يېزىسىدا ئالدىن بېيىغان ئائىلىلەردىن بولۇپ قالدى. ئۇ بېيىغاندا مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئويلاپ، موجى يېزىلىق بورىچىلىق كارخانىسىدا ئوقۇۋاتقان 50 ئوقۇغۇچىنىڭ دەرسخانىسىنىڭ كونا ھەم قاراڭغۇ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، مەكتەپ سېلىش ئارزۇسىغا كەلدى ۋە بۇ ئارزۇسىنى يېزا رەھبەرلىكىگە ئېيتتى؛ يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ بۇ ياخشى ئىشىنى قوللاپ ئىككى مو يەر ئاجرىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن 80 كۋادرات مېتىرلىق، پىششىق خىش بىلەن سېلىنغان، ئىككى دەرسخانا بىر ئىشخانىدىن تەركىب تاپقان بىر كىچىك مەكتەپ ئۇنىڭ 52 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىشى بىلەن پۈتۈپ چىقتى. بۇ يىل 9-ئايدىن باشلاپ 50 نەپەر ئۆسمۈر يورۇق، ئازادە دەرسخانىدا ئوقۇش شارائىتىغا ئىگە بولدى.

(مۇھەممەت ھېيت)

# «قۇرئان كەرىم» تەتقىقاتىدىكى يېڭى يۈكسىلىش

◀ مۇھتەرەم ھاجى

«قۇرئان كەرىم» بىزنىڭ ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىمىز ئاللاتائالانىڭ سۆيۈملۈك يېتەكچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈپ بەرگەن مۇقەددەس كىتابى بولۇپ، ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىسپاتلايدىغان بىردىنبىر مۆجىزە. «قۇرئان كەرىم» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ 23 يىللىق پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى يۈكلەنگەن شانلىق دەۋرىدە جەمئىيەتنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا، كىشىلەرنىڭ رېئال تۇرمۇش شارائىتىغا ماس ھالدا تەدرىجىي نازىل بولغان. بۇ مۇقەددەس كىتاب 30 پارە، 114 سۈرە، 6236 ئايەتتىن تەركىب تاپقان.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ تىلى دۇنيادىكى ھېچقانداق تىللاردا تېپىلمايدىغان ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ بارلىق سۆز ئىبارىلىرىنىڭ راۋانلىقى، مەزمۇنلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ئالاھىدە ئىستىلىستىكىلىق ئىپادىلەش ئۇسلۇبى، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان مۆجىزىلىك خۇسۇسىيەتلىرى 1400 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان دۇنيادىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، ئۇلارنى بۇ ئۇلۇغ، مۇقەددەس كىتابنىڭ ھەقىقەتەن ئاللاتائالا تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىسپاتلايدىغان مۆجىزە ئىكەنلىكىگە قايىل قىلماقتا ھەمدە دۇنيادا نۇرغۇنلىغان تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ مەخسۇس تەتقىقات تېمىلىرىغا ئايلىنىپ، ئۇلارنىڭ ھەر خىل ئۇسۇل بىلەن ئوخشاش بولمىغان نۇقتىلاردىن بۇ مۇقەددەس كىتابنىڭ ھەقىقىتى ئۈستىدە ئىزدىنىشىگە، تەتقىقات يۈرگۈزۈشىگە تۈرتكە بولماقتا، ئۇلارنىڭ بەزىسى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىسمى، سۈرىلىرى ۋە ئايەتلىرى ئۈستىدە توختالسا، يەنە بەزىسى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھۆكۈملىرى، مەزمۇنلىرى ئۈستىدە توختالغان. ئۇلارنىڭ بىر بۆلۈكى «قۇرئان كەرىم»نىڭ يېزىلىشى، شەكلى ئۈستىدە توختالسا، يەنە بىر بۆلۈكى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئوقۇلۇشى، ئوقۇلۇش قائىدىلىرى ئۈستىدە توختالغان. دېمەك، ئۆلىمالار «قۇرئان كەرىم»نى ئوخشاش بولمىغان نۇقتىلاردىن تەتقىق قىلىپ، بۇ ساھەدە كىشىلەر ئۈچۈن قىممەتلىك ئەسەرلەرنى ئوتتۇرىغا چىقارغان. «قۇرئان كەرىم» بىلىملىرى تېمىسىدا ئالاھىدە توپلاملارنى يېزىپ چىقىپ، ئىسلام دىنىمىزغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان.

ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم»دە: "**ئۇلارغا بىز تاكى قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكى ئېنىق بولغۇچە (ئاسمان ـ زېمىن) ئەتراپىدىكى ۋە ئۆزلىرىدىكى (قۇدرىتىمىزگە دالالەت قىلىدىغان) ئالامەتلەرنى كۆرسىتىمىز**" (41-سۈرە «فۇسسىلەت»، 53-ئايەت) دېگەن. بىز بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىدىن شۇنى چۈشىنىۋالىمىزكى، جەمئىيەت تەرەققىي قىلىپ مەيلى قايسى دەۋرگە يەتسۇن، ئاللاتائالا شۇ دەۋرنىڭ تەرەققىياتى ئالدىدا ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ۋاسىتىلەر بىلەن بولسۇن ياكى ئەڭ ئاددىي دەرىجىلىك مىساللار بىلەن بولسۇن، ئۆز ھەقىقىتىنى دائىم نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم»دە يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: "**ئاللاتائالا ھەقىقەتەن پاشا ۋە ئۇنىڭدىن كىچىك نەرسىلەرنى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈشتىن تارتىنىپ قالمايدۇ، مۆمىنلەر بولسا، بۇ پەرۋەردىگارىمىز**

www.uyghurkitap.com

**تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەت دەپ بىلىدۇ، دىنسىزلار بولسا، ئاللا بۇ نەرسىلەرنى مىسال كەلتۈرۈپ نېمىنى ئىرادە قىلماقچى؟ دەيدۇ“.** دېمەك، ھازىرقى دەۋرىمىزدە ئىلىم-پەن جەھەتتىكى تەتقىقات ساھەسىدە كەشىپ قىلىنىۋاتقان نۇرغۇنلىغان ھەقىقەتلەر كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرماقتا، تەتقىقاتلارنىڭ سىرلىق نەتىجىلىرى ئۇلارنى چۆچۈتمەكتە، ھەر ساھە كىشىلىرىگە ئوخشاش بولمىغان مەزمۇنلاردىكى سوئال بەلگىلىرىنى چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ جاۋابىنى كۈتۈپ تۇرماقتا. بىز ئىنچىكىلەپ تەھلىل قىلىدىغان بولساق، بىز ھازىر كۆرۈۋاتقان ھەم يېڭىلىق ھېس قىلىۋاتقان نۇرغۇنلىغان ئىشلارنىڭ بۇنىڭدىن 1400 يىل ئىلگىرى «قۇرئان كەرىم» تىلىدا بايان قىلىنىپ، ئاللىبۇرۇنلا بېشارەت بېرىلگەنلىكىنى، بۇ ئاجايىپ ھەيران قالارلىق ئەھۋاللارنىڭ دەۋرمۇدەۋر جەمئىيەتنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك تەرەققىياتىغا ياندىشىپ تەدرىجىي يۈز بېرىشى، شۇ دەۋر، شۇ جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ھەقىقەت يولىغا مېڭىشى ئۈچۈن يېتەكچى رول ئوينايدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالىمىز.

ھازىرقى دەۋرىمىزدە ئېلېكترونلۇق مېڭە ئەڭ ئىلغار ھېسابلاش ماشىنىسى، ئۈنۈملۈك تەتقىقات ۋاسىتىسىگە ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن «قۇرئان كەرىم» ئېلېكترونلۇق مېڭە تەتقىقات ساھەسىگە كىرىپ، تەتقىق قىلىنىشقا باشلاندى. «قۇرئان كەرىم»نىڭ پۈتۈن نۇسخىسى ئېلېكترونلۇق مېڭىگە ئەتراپلىق ھالدا (ئۆلچەملىك يېزىلىش شەكلى، ئۆلچەملىك ئوقۇلۇش قائىدىلىرى، ئۆلچەملىك ئوقۇلغان ئاۋازى، ھەربىر سۆز، ئايەتلەرنىڭ ئۆلچەملىك تەپسىرلىرى) تولۇق كىرگۈزۈلۈپ، «قۇرئان كەرىم»نى تەتقىق قىلغۇچىلارغا تولۇق قولايلىق شارائىت يارىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن قايسى مەزمۇندىكى، قايسى ئايەت ياكى بىر سۆزنى ئىزدىمەكچى بولغان كىشى مىنۇت-شۇ سېكۇنت ئىچىدە ئوقۇلغان ئاۋازى، يېزىلىش شەكلى، ئوقۇلۇش قائىدىسى ۋە ئۇنىڭ بىرلىككە كېلىنگەن ئۆلچەملىك تەپسىرلىرىنى ئوچۇق كۆرەلەيدىغان بولدى. بۇ ئارقىلىق «قۇرئان كەرىم» تەتقىقاتى ساھەسىدە يېڭى نەتىجىلەر يارىتىلىپ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئالاھىدە مۆجىزىلىرى، سىرلىق سان-سىفىرلىرى بايقاپ چىقىلدى. بۇ ئارقىلىق «قۇرئان كەرىم» ئۆزىنىڭ مۆجىزىلىك كارامىتىنى دۇنياغا يەنە بىر قېتىم جاكارلىدى ھەمدە ھەر ساھە ئۆلىمالىرىنى تېخىمۇ زور دەرىجىدە ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى.

تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، قۇرئان تەتقىقات ئىشلىرى ئەسلىدە «قۇرئان كەرىم»نى تەپسىر قىلىش، ئىزاھلاش، شەرھلەش ئىشلىرى بىلەن باشلانغان. ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ساھابىلەر «قۇرئان كەرىم»نى چۈشىنىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن پەيغەمبىرىمىزگە مۇراجىئەت قىلاتتى. كېيىنكى دەۋرلەردە مۇسۇلمانلار «قۇرئان كەرىم»نى چۈشىنىش، دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئالاھىدە تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان. ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نى تەپسىر قىلىش، تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويغان پرىنسىپىدا «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنىڭ ئوچۇق بولمىغان مۇجمەل تەرەپلىرىنى ئالدى بىلەن «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنىڭ ئۆزىدىن چۈشىنىش، مۇجمەل كەلگەن جايلىرىنى بولسا، تەپسىلىي بايان قىلىنغان ئايەتلەر بىلەن تەپسىر قىلىش، ئىزاھلاش بەلگىلەنگەن. ئەگەر «قۇرئان كەرىم»دە مەلۇم بىر مەسىلىگە تەپسىلىي بايان بولمىغاندا، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىدىن تەپسىلىي ئىزاھلارنىڭ بار-يوقلۇقىنى ئىزدىگەن. ئەگەر «قۇرئان كەرىم»دە مۇجمەل بايان قىلىنغان مەسىلىلەر ئۈستىدە ھەدىس شەرىپمۇ تەپسىلىي

توختالمىغان بولسا، ئۇ ھالدا، ئۆز ۋاقتىدا ساھابىلەرنىڭ بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدىكى كۆز قاراشلىرىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ئىزدىگەن. ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزلىرىنىڭ تىرىشچانلىقلىرى بىلەن ھەر خىل شەرت-شارائىتلارنى ھازىرلاپ، بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىقات يۈرگۈزگەن ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ «قۇرئان كەرىم»گە نىسبەتەن ئىزاھلىق رولىنى ئوينايدىغان كۆز قاراشلىرىنى، چۈشەنچىلىرىنى بايان قىلغان. شۇ دەۋرلەردە ۋە يېقىنقى زامانلاردا نۇرغۇنلىغان يۇقىرى سەۋىيىلىك تەپسىرشۇناس تەتقىقاتچىلار بارلىققا كېلىپ، «قۇرئان كەرىم» توغرىسىدا ئالاھىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان ھەمدە كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا بۇ مۇقەددەس كىتابنىڭ چۈشىنىشلىك ئىزاھلىرىنى، تەپسىرلىرىنى تەقدىم قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دۇنياسىدا نۇرغۇنلىغان تەپسىر كىتابلىرى بارلىققا كەلگەن. بۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، «قۇرئان كەرىم» دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان تىللارغا تەرجىمە قىلىندى ۋە تەپسىر قىلىندى. بۇ تەرجىمە ۋە تەپسىرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى، بىر تەرەپتىن كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئىسلام دىنىنى توغرا، ئوچۇق چۈشىنىشىگە ئاساس بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىسلام دىنىدا بولمىغان كىشىلەرنىڭ ئىسلام دىنىنى تەتقىق قىلىشىغا، بۇ ئۇلۇغ مۆجىزىنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشىنىشىگە، ئۇنىڭغا قايىل بولۇشىغا گەۋدىلىك رول ئوينىدى ھەمدە بەزىلىرىنىڭ پاك قەلبىدە ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئورۇن ئالدى. شۇڭا بۇ تەرجىمىلەردىن پايدىلانغان ۋە قايىل بولغان ھەمدە يېڭىدىن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ئالىملاردىن گېرمانىيىلىك يازغۇچى دوكتور ھامىد مور فوس مۇنداق دېگەن: "مەن ھازىر«قۇرئان كەرىم»نىڭ سەۋدايى تەرجىمە قىلغان فرانسۇزچە نۇسخىسىدىن بىرنى سېتىۋالدىم. ئۇ مېنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ساقلاۋاتقان ئەڭ قەدىرلىك نەرسەم بولۇپ قالدى." يەنە ئەنگلىيىلىك يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغان ھۇسەيىن زووف مۇنداق دېگەن: "مەن بىر مۇسۇلمان كىشىنىڭ تەرجىمە قىلغان «قۇرئان كەرىم» نۇسخىسىدىن بىرنى ئوقۇدۇم. بۇ ئارقىلىق ئىسلام دىنى توغرىسىدا توغرا كۆزقاراشنى تۇرغۇزۇۋالدىم." ۋە يەنە ئىسلام دىنىغا كىرگەن زىنزا بۇرلۇق بىر كىشى مۇنداق دېگەن: "مەن جوجارتى تىلىدا تەپسىر قىلىنغان «قۇرئان كەرىم»نى تەتقىق قىلىپ چىقتىم. بۇ ماڭا ناھايىتى ياخشى ياردەمچى بولدى ھەمدە «قۇرئان كەرىم»نىڭ بىردىنبىر مۇكەممەل دىنىي كىتاب ئىكەنلىكىنى جەزمەنلەشتۈرۈشۈمگە ئاساس بولدى."

دېمەك، «قۇرئان كەرىم» تەتقىقاتى نەتىجىسىدە كېلىپ چىقىۋاتقان «قۇرئان كەرىم» تەرجىمىلىرىمۇ دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ، ھەر خىل تىللاردا سۆزلەيدىغان، ھەر خىل مىللەتتىن تەركىب تاپقان ئالىملارنىڭ ئىسلام دىنىنى تەتقىق قىلىشىدىكى ئاساسىي مەنبەسى بولۇش بىلەن بىرگە، يەنە بىر تەرەپتىن نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئۈچۈن ھەقىقەت يولىغا باشلايدىغان ھىدايەت چىرىغى، يېتەكچى ئىدىيىسى، يۈزلىنىدىغان قىبلىنامىسى ۋە ئۆزلىرى بىللە ساقلايدىغان ئەڭ سۆيۈملۈك ئەڭگۈشتەرىگە ئايلانغان.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ يۇقىرىقىدەك ئوخشاش بولمىغان ھەر خىل تەتقىقاتلىرىنىڭ نەتىجىسىدە «قۇرئان كەرىم» ئېلېكترونلۇق مېڭە ئېكرانىغا كىرگەندىن كېيىن، «قۇرئان كەرىم» تەتقىقات ئىشلىرى ئېلېكترونلاشقان زامانىۋى تەتقىقات باسقۇچىغا قەدەم قويدى.

مەن بۇ يەردە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى سانائەت ئىشلىرى تەرەققىيات تەشكىلاتىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uighurkitap.com

يادرەمچى مۇتەخەسسىسلىك ۋەزىپىسىدە بولغان بىر دوكتورنىڭ ئېلېكترونلۇق مېڭە ئارقىلىق «قۇرئان كەرىم» ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقات نەتىجىسىنى قىسقىچە قىلىپ ئوقۇغۇچىلارغا سۇنماقچى. بۇ تەتقىقات نەتىجىسى بەزى كىشىلەرنىڭ قارىشىدا ”قىزىقارلىق سان-سىفىرلار“ ئاساسىدا تەرجىمە قىلىنغان ھەمدە بەزى ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن مەن بۇ يەردە ئۇنى ”قىزىقارلىق سان-سىفىرلار“ ئەمەس، بەلكى ”«قۇرئان كەرىم» نىڭ مۆجىزىلىك رولىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان سىرلىق سان-سىفىرلار“ ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويماقچى.

ھەممىگە مەلۇم، بىز مۇسۇلمانلار ھەربىر ئىشنى قىلىشتىن ئىلگىرى ئالدى بىلەن ”بسم الله الراحمن الرحيم“نى ئوقۇيمىز. بۇنىڭ مەنىسى: ”ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن“ دېگەن بولىدۇ. بۇ ئايەت بىزنىڭ ھەربىر سۆزىمىز، ھەربىر ھەرىكىتىمىز بىلەن زىچ باغلانغان بولۇپ، بىز مۇسۇلمانلار بۇ ئايەتنى كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا قانچە قېتىملاپ تەكرار ئوقۇپ كېتىدىغانلىقىمىزنى بىلمەيمىز. دېمەك، بىز مۇسۇلمانلار بۇ ئايەت ئارقىلىق ھەربىر سۆزىمىزنىڭ، ھەربىر ھەرىكىتىمىزنىڭ ئوڭۇشلۇق باشلىنىشىنى، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياغلىشىشىنى، ھەربىر ئىشىمىزنىڭ ئوڭدىن كېلىشىنى ئاللاتائالادىن تىلەيمىز. بىز «قۇرئان كەرىم» تىلاۋەت قىلغان ۋاقتىمىزدا، بۇ ئايەتنىڭ ھەربىر سۈرىنىڭ بېشىغا يېزىلغانلىقىنى، «قۇرئان كەرىم» نىڭ (تەۋبە سۈرىسىدىن باشقا) ھەربىر سۈرىنىڭ بۇ ئايەت ئارقىلىق باشلىنىپ تىلاۋەت قىلىنىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. شۇڭا، بۇ ئايەتنىڭ ئىسلام دىنى پائالىيەتلىرىدە ئالاھىدە گەۋدىلىك تۇرۇشى «قۇرئان كەرىم» تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئەڭ ئاۋۋال دىققىتىنى قوزغايدىغان، ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان، سىرىنى ئېچىشقا تۈرتكە بولىدىغان ئاساسلىق بىر ئامىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن ئامېرىكىلىق بۇ دوكتور ئەڭ ئالدى بىلەن ”بسم الله الرحمن الرحيم“ دېگەن ئايەت ئۈستىدە توختىلىپ، ئۇنىڭ مەنىسى جەھەتتىن ئەمەس، بەلكى بۇ ئايەتنىڭ ھەرپلىرى ئۈستىدە ئىنچىكىلىك بىلەن ئالاھىدە ئىزدەنگەن ھەمدە بۇ ئايەتنىڭ ئەرەبچە 19 ھەرپ بىلەن شەكىللەنگەنلىكى، بۇ ”19“نىڭ پۈتۈن «قۇرئان كەرىم» بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بارلىقى ئۈستىدە تەتقىقات يۈرگۈزۈپ، نەتىجىدە بۇ ”19“نىڭ پۈتۈن «قۇرئان كەرىم»نىڭ بارلىق سۈرە، ئايەت ۋە سۆز-ئىبارىلىرى بىلەن زىچ باغلىنىپ كەتكەنلىكىنى بايقاپ چىققان ۋە تۆۋەندىكىچە يەكۈن چىقارغان.

1. «قۇرئان كەرىم» ئىچىدە ”بسم الله الرحمن الرحيم“ دېگەن ئايەتتىكى”بسم“ دېگەن سۆز 19 قېتىم كەلگەن. ”الله“ دېگەن سۆز 2698 قېتىم كەلگەن بولۇپ، بۇ ”19“نىڭ 142 ھەسسىسىگە تەڭ كېلىدۇ، ”الرحمن“ دېگەن سۆز 57 قېتىم كەلگەن بولۇپ، بۇ ”19“نىڭ ئۈچ ھەسسىسىگە باراۋەر. ”الرحيم“ دېگەن سۆز 114 قېتىم كەلگەن بولۇپ، بۇ ”19“نىڭ ئالتە ھەسسىسىگە تەڭ كېلىدۇ.

2. «قۇرئان كەرىم» نىڭ «سۈرە تەۋبە» دىن باشقا بارلىق سۈرىلىرىنىڭ بېشىدا ”بسم الله الرحمن الرحيم“ دېگەن ئايەت بولۇپ، بۇ جەمئىي 113 بولىدۇ. ئەگەر بىز «سۈرە نەمل»نىڭ 30-ئايىتىدىكى ”بسم الله الرحمن الرحيم“نى قوشساق، جەمئىي 114 قېتىم تەكرارلانغان بولىدۇ. بۇ سان يەنىلا سىرلىق ”19“نىڭ ئالتە ھەسسىسىگە تەڭ بولۇپ چىقىدۇ.

بىز يەنە «سۈرە نەمل»نىڭ 1-ئايىتىدىن 30-ئايىتىگىچە كەلگەن سۆزلۈكلەرنى جەملىسەك، جەمئىي 342 سۆزلۈك بولۇپ چىقىدۇ. بۇ سان

يەنىلا ئاشۇ سىرلىق "19"نىڭ 18 ھەسسىسىگە باراۋەر بولىدۇ.

3. «قۇرئان كەرىم»نىڭ بارلىق سۈرىلىرى جەمئىيى 114 سۈرە بولۇپ، بۇ سانمۇ بىز چۈشىنەلمەيۋاتقان "19"نىڭ ئالتە ھەسسىسىگە ئۇدۇل چىقىدۇ.

4. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەڭ ئاۋۋال نازىل بولغان «ئەلەق سۈرىسى» «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاخىرىدىن سانىغاندا 19-سۈرە بولۇپ، بۇ سۈرە جەمئىي 285 ھەرپتىن تەركىب تاپقان. بۇ سان يەنىلا ئاشۇ سىرلىق "19"نىڭ 15 ھەسسىسىگە تەڭ كېلىدۇ. بۇ سۈرىنىڭ بېشىدىكى بەش ئايەت ھىرا غارىدا نازىل بولغان بولۇپ، بۇ ئايەتلەرنىڭ ئۆزىمۇ 19 سۆزدىن تەركىب تاپقان. بۇ سۆزلەر ئۇسمانىي خەت يېزىش شەكلى بويىچە ھېسابلانغاندا جەمئىي 76 ھەرپتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇ سان يەنىلا بىزگە سىرلىق تۇيۇلۇپ تۇرغان "19"نىڭ تۆت ھەسسىسىگە باپ كېلىدۇ. بۇ سۈرىنىڭ پۈتۈن ئايەتلىرىنى سانىساقمۇ دەل 19 بولۇپ چىقىدۇ.

5. «قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆپ سۈرىلىرى بىرىنچى ئايىتىدە يالغۇز ھەرپلەر بىلەن باشلانغان بولۇپ، بۇ ھەرپلەرنىڭ شۇ سۈرىلەردە تەكرار كېلىش سانىمۇ بىزنىڭ ئالدىمىزدا سوئال بەلگىسى چىقىرىپ تۇرغان ئاشۇ سىرلىق "19"نىڭ ھەسسىسىگە دەلمۇدەل بولۇپ چىقىدۇ.

بىز «سۈرە قاف»نى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، ئۇنىڭ بىرىنچى ئايىتى "ق" ھەرپى بىلەن باشلانغان بولۇپ، بۇ ھەرپ ئاشۇ سۈرىدە 57 قېتىم تەكرارلانغان. دېمەك، بۇ سان يەنىلا ئېلېكترونلۇق مېڭە ئېكرانىدا كىشىنى ھەيران قالدۇرۇپ، بىز سىرنى يېشەلمەي تۇرغان "19"نىڭ دەل ئۈچ ھەسسىسىگە ئۇدۇل بولۇپ چىقىدۇ.

6. «قۇرئان كەرىم»دە "40"، "12"، "7"، "مىڭ يىل"، "مىڭ ئاي" دېگەن سانلار بار بولۇپ، بۇ سانلار پۈتۈن «قۇرئان كەرىم»دە، 285 قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ 285مۇ بىز تېگىگە يېتەلمەي تۇرغان "19"نىڭ 15 ھەسسىسىگە تەڭلىشىپ چىقىدۇ. ئەگەر بىز بۇ سانلارنىڭ تەكرارلانغانلىرىنى ئېلىۋېتىپ قوشساق 162146 بولىدۇ. بۇ سان يەنىلا ئاشۇ سىرلىق "19"نىڭ 8534 ھەسسىسىگە نەقلىشىپ چىقىدۇ.

دېمەك، بۇ سىرلىق "19" پۈتۈن «قۇرئان كەرىم» بىلەن زىچ باغلىنىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ سىرنىڭ تېگىگە يەتكەن، سىرنى ئاچقان، جاۋابىنى تاپقان بىر كىشى بولمىغاچقا، ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىمۇ ئۆز ئېكرانىدا يوغان بىر سوئال بەلگىسىنى چىقىرىپ كىشىلەرنىڭ جاۋابىنى كۈتۈپ تۇرماقتا: "19" ؟

بىز بۇ يەردە مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتكەن سىرلىق "19" كۆرسەتمىلىرى ئامېرىكىلىق بۇ دوكتورنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى ئېلېكترونلۇق مېڭە ئارقىلىق تەتقىق قىلىپ ئېرىشكەن بىر قىسىم نەتىجىلىرى بولۇپ، بۇ پەقەت ھازىرقى دەۋرىمىزدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ھەر خىل ئۇسۇللاردىكى قۇرئان تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ بىرقانچە تېپىك مىساللىرىدىنلا ئىبارەت. دېمەك، «قۇرئان كەرىم» تەتقىقات ئىشلىرى دەۋرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ناھايىتى زور دەرىجىدە ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلدى. تەتقىقات ئۇسۇللىرى، ۋاستىلىرى ئىلمىيلىشىشكە، زامانىۋىلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. بۇ ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان ئۆلىمالار يېڭى ئىلمىي تەتقىقات باسقۇچىغا قەدەم قويۇپ، «قۇرئان كەرىم» تەتقىقاتىدا يېڭى يۈكسىلىشلەرنى پەيدا قىلدى. بۇ ئىشلارنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ئىسلام دىنىمىزنىڭ كەلگۈسىدە تېخىمۇ روناق تېپىشىدىن، ئىلمىي ئىشلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ گۈللىنىشىدىن دېرەك بېرىدۇ.

**(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدەررىسى؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى.)**

ئويغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



# «قۇرئان كەرىم»دىكى خاسىيەتلىك يەككە ھەرپلەر

◁ يالقۇن ئىسمائىل

«قۇرئان كەرىم» ئۆز سەھىپىلىرىدىكى مۇكەممەل بايان، مۆجىزىلىك ئالامەتلەر ئارقىلىق ئىلىم-پەننىڭ ئۈنچە-مارجانلىرىغا تولغان، ئەقىلنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئاجايىباتلىقلار مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان چەكسىز دېڭىز ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ كەلدى. ئالىملار، مۇپەسسىرلەر «قۇرئان كەرىم» ھەققىدە نۇرغۇن چوڭ ھەجىملىك، قىممەتلىك كىتابلارنى يېزىپمۇ، ئۆزىنىڭ تېخى دېڭىزنىڭ ساھىلىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ پاك سۈيىدىن سۈمۈرۈپ قانمايۋاتىدۇ. «قۇرئان كەرىم» ېگىدىكى قىممەتلىك بايلىقلارنى سۈزۈۋشكە، ۆجىزىلىك سىرلارنى ئېچىشقا ئىنتىلىدىغان "غەۋۋاس"لار ئۈچۈن بىر دولقۇنلۇق دېڭىز. بۇ ئىلىم دېڭىزى بىزگە، ئەقىلغا چوڭقۇر تەسىر قىلىدىغان، كۆڭۈلنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىشلارنى پات-پات ئاشكارىلاپ تۇرىدۇ. مانا مۇشۇلاردىن بىرى، «قۇرئان كەرىم» دىكى خاسىيەتلىك يەككە ھەرپلەردۇر. بۇ خاسىيەتلىك يەككە ھەرپلەر بەزى سۈرىلەرنىڭ بېشىدا كېلىدۇ. تەلەپپۇز جەھەتتە «قۇرئان كەرىم» نىڭ باشقا كەلىمىلىرىدە كەلگەن ھەرپلەرگە ئوخشاش قوشۇپ ئوقۇلماي، شۇ ھەرپنىڭ ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى نامى بىلەن ئايرىم-ئايرىم ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: "ن"—"نۇ: ن" دەپ؛ "حم"—"ھا: ، ميم" دەپ؛ "الم"—"ئەلىف، لە: م، ميم" دەپ؛ "المص"—"ئەلىف، لە: م، ميم، سا: د" دەپ؛ "كهيعص"—"كە: ف، ھە: ، يە: ، ئەين، سا: د" دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. شۇڭا بۇ ھەرپلەر تەلەپپۇز ۋە مەلۇم مەنىگە ئىشارەت ئىكەنلىكىگە ئاساسەن يەككە ھەرپ ياكى قىسقارتىلما ھەرپ دېيىلىدۇ.

بۇ ھەرپلەر ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى ھەرپلەرنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇلار:

ا ح ر س ص ط ع

ق ك ل م ن ه ي

بۇ خاسىيەتلىك يەككە ھەرپلەر 29 سۈرىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ. ئۈچ سۈرىنىڭ بېشىدا بىردىنلا يەككە ھەرپ يەنى: 38-سۈرىنىڭ بېشىدا "ص"، 50-سۈرىنىڭ بېشىدا "ق"، 68-سۈرىنىڭ بېشىدا"ن" كېلىدۇ. ئون سۈرىنىڭ بېشىدا ئىككىلىك يەككە ھەرپلەر يەنى: 40-، 41-، 42-، 43-، 44-، 45-، 46-قاتارلىق يەتتە سۈرىنىڭ بېشىدا "حم" (42-سۈرىدىكى "حم"دىن كېيىن يەنە "عسق" كېلىدۇ)، 20-سۈرىنىڭ بېشىدا "طه"؛ 27-سۈرىنىڭ بېشىدا "طس"؛ 36-سۈرىنىڭ بېشىدا "يس" كېلىدۇ. 13 سۈرىنىڭ بېشىدا ئۈچلۈك يەككە ھەرپلەر يەنى: 2-، 3-، 29-، 30-، 31-، 32-قاتارلىق ئالتە سۈرىنىڭ بېشىدا "الم"؛ 10-، 11-، 12-، 14-، 15-قاتارلىق بەش سۈرىنىڭ بېشىدا "الر"؛ 26-، 28-سۈرىلەرنىڭ بېشىدا "طسم" كېلىدۇ. ئىككى سۈرىنىڭ بېشىدا تۆتلۈك يەككە ھەرپلەر يەنى: 7-سۈرىنىڭ بېشىدا

"المص"، 13-سۈرىنىڭ بېشىدا "المر" كېلىدۇ. بىر سۈرىنىڭ بېشىدا بەشلىك يەككە ھەرپلەر يەنى: 19-سۈرىنىڭ بېشىدا "كهعص" كېلىدۇ.

سۈرىلەرنىڭ بېشىدا كەلگەن بۇ يەككە ھەرپلەرنىڭ سانى قانچە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەربىر ھەرپنى بىر بىرلىك قىلغان ھالدا توختاپ ئوقۇلىدۇ. توختىغاندا ئەرەب تىلىنىڭ تەلەپپۇز نورمىسى ۋە شۇ ھەرپ نامىنىڭ بوغۇم قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن ئۈچ خىل سوزۇپ توختاپ ئوقۇلىدۇ: بىرىنچى، ھەرپ نامىدا سوزۇلما سوزۇق تاۋۇش كەلمىگەنلىكىدىن بىر ھەرىكە (قىسقا سوزۇق تاۋۇش) مىقدارى سوزۇلىدىغىنى: ا (ئەلىف). ئىككىنچى، ھەرپ نامىنى ئىپادىلىگەن بوغۇمدا سوزۇلما سوزۇق تاۋۇش كەلگەنلىكىدىن ئىككى ھەرىكە مىقدارى سوزۇلىدىغىنى: حاء (ھا:)، ياء (يا:)، طاء (تا:)، هاء (ھە:)، راء (را:). ئۈچىنچى، ھەرپ نامىنى ئىپادىلىگەن بوغۇمدا سوزۇلما سوزۇق تاۋۇشتىن كېيىن سۈكۈنلۇق ھەرپ كەلگەنلىكىدىن تۆت ياكى ئالتە ھەرىكە مىقدارى سوزۇلىدىغىنى: سين (سىين)، نۇن (نۇ: ن)، قاف (قا: ف)، صاد (سا: د)، ميم (مىيم)، كاف (كە: ف)، لام (لە: م). ئەمما عين (ئەين) قوشما سوزۇق تاۋۇشلۇق بوغۇم بولغاچقا ئىككى ياكى تۆت ياكى ئالتە ھەرىكە مىقدارى سوزۇلۇپ ئوقۇلىدۇ.

گەرچە ئەرەبلەر مۇشۇ ھەرپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تاۋۇش سىستېمىسىدا سۆزلەشسىمۇ، لېكىن بۇ ھەرپلەرنىڭ «قۇرئان كەرىم» دە ئىپادىلىنىش ئۇسلۇبى، سىمۋوللۇق رولى ئۆزگىچە بولۇپ، بۇ ھەرپلەرنىڭ مەنىسى توغرىسىدا مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشى مۇنداق: بەزى مۇپەسسىرلەر: سۈرىلەرنىڭ بېشىدا كەلگەن بۇ خاسىيەتلىك يەككە ھەرپلەر ئاللانىڭ بىلىم دائىرىسىدىكى مەلۇماتلىرىدىن بىرى، بۇنىڭ ھېكمىتىنى ئاللا ياخشى بىلىدۇ، دەپ قاراپ تەپسىر قىلمايدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ خاسىيەتلىك ھەرپلەرنى تەپسىر قىلىدۇ. بۇ ھەرپلەرنىڭ مەنىلىرى ھەققىدە ئۇلارنىڭ قىلغان تەپسىرلىرى تۆۋەندىكىچە: بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ھەرپلەرنى سۈرىلەرنىڭ ئىسىملىرى دەيدۇ؛ بەزى مۇپەسسىرلەر: بۇ ھەرپلەرنىڭ ھەربىرى ئاللانىڭ گۈزەل ئىسىملىرىنىڭ بېشىدا كېلىدىغان ھەرپلەر بولۇپ، ئاللانىڭ شۇ ھەرپ بىلەن باشلانغان گۈزەل ئىسمى ۋە سۈپىتىنى بىلدۈرىدۇ، دەيدۇ. مەسىلەن، «الىم» دىكى "ئەلىف"— "ا" ئاللانىڭ خاس ئىسمى— "الله" نىڭ باشلىنىش ھەرپى، "لام"— "ل" ئاللانىڭ گۈزەل سۈپىتى "اللطيف" (بەندىلەرگە ئىللىقلىق يەتكۈزگۈچى) نىڭ باشلىنىش ھەرپى، "مىيم"— "م" ئاللانىڭ گۈزەل سۈپىتى "المجيد" (ئۇلۇغلاشقا لايىق) نىڭ باشلىنىش ھەرپ دەپ قارىلىپ، "الم" غا الله اللطيف المجيد( "بەندىلەرگە ئىللىقلىق يەتكۈزگۈچى، ئۇلۇغلاشقا لايىق ئاللا) دېگەن مەنىدە تەپسىر قىلىنىدۇ. "المص" غا "الله اللطيف المجيد الصادق" (بەندىلەرگە ئىللىقلىق يەتكۈزگۈچى، ئۇلۇغلاشقا لايىق، راست سۆزلىگۈچى ئاللا) دېگەن مەنىدە تەپسىر قىلىنىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ھەرپلەرنى كېيىنكى ئايەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك مۇئەييەن مەنىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنىڭ قىسقارتىلمىسى دەيدۇ. ئىبنى ئابباس "الر" نىڭ مەنىسىنى "انااللهاري" (مەن ئاللا كۆرۈپ تۇرىمەن)، "المر" نىڭ مەنىسىنى "انالله اعلم واري"

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

(مەن ئاللا ھەممىنى بىلىپ تۇرىمەن ۋە كۆرۈپ تۇرىمەن)، "المص"نىڭ مەنىسىنى "انا الله اعلم: وافصل" (مەن ئاللا ھەممىنى بىلىپ تۇرىمەن ۋە ھۆكۈم چىقىرىمەن)، «طه» نىڭ مەنىسىنى «يا رجل» (ئى ئادەم)، «يس» نىڭ مەنىسىنى «يا انسان» (ئى ئىنسان) بىلەن تەپسىر قىلىدۇ. بەزى تارىخ ۋە تىل ئالىملىرى: بۇ ھەرپلەردە دىنىي ۋە تارىخىي رىئاللىقنىڭ بەلگىلىرى بار، ئۇ مۇئەييەن ۋاقىتتا مەلۇم بولىدۇ، دەيدۇ.

ئىنسانىيەت ئېلېكترون دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، بۇ خاسىيەتلىك ھەرپلەردىن بەزى سانلىق مەلۇماتلارنى بىلىپ يەتتى. ئامېرىكىدىكى مىسىرلىق ئالىم دوكتور رىشاد خەلىپەنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى بىزگە ئاشۇنداق مەلۇماتلاردىن خەۋەر بېرىدۇ.

«قۇرئان كەرىم» دىكى بۇ خاسىيەتلىك ھەرپلەر بىلەن باشلانغان سۈرىلەرنىڭ قىسقىراقىدىن «ق» سۈرىسىنى ئالساق، بۇ سۈرىدە 57 "ق" ھەرپىنى ئۇچرىتىمىز. مۇشۇ سۈرىنىڭ ئالدىدىراق كەلگەن، سۈرە بېشىدىكى ھەرپلەر تەركىبىدە "ق" بولغان «شۇرا» سۈرىسىدىمۇ 57 "ق" ھەرپىنى ئۇچرىتىمىز، 57+57=114، بۇ سان «قۇرئان كەرىم» دىكى سۈرىلەرنىڭ ئومۇمىي سانى بىلەن ئوخشاش. «ق» سۈرىسى "ق والقران المجيد❶" بىلەن باشلىنىپ "فذكر بالقران من يخاف و عيد❷" بىلەن ئاخىرلاشقان. بۇنىڭدىن "ق" ھەرپىنىڭ «قران» سۆزىنىڭ سىمۋوللۇق بەلگىسى سۈپىتىدە كەلگەنلىكىنى، بۇ ئىككى سۈرىدىكى 114 "ق" ھەرپىنىڭ «قۇرئان كەرىم» دىكى 114 سۈرىنىڭ سىمۋوللۇق بەلگىسى سۈپىتىدە كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

بۇ خاسىيەتلىك ھەرپلەردىن «المر» بىلەن باشلانغان «رەئد» سۈرىسىنى ئالساق، بۇ سۈرىدە "ا" 625 قېتىم، "ل" 479 قېتىم، "م" 260 قېتىم، "ر" 137 قېتىم كەلگەن. بىز بۇنىڭدىن «المر» دىكى تۆت ھەرپنىڭ ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپى بىلەن شۇ ھەرپلەرنىڭ قېتىم سانىنىڭ ئاز-كۆپلۈك تەرتىپىنىڭمۇ مۇناسىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بايقايمىز.

«بەقەرە» سۈرىسىنىڭ بېشىدىكى «الم» نىڭ "ا" ھەرپى بۇ سۈرىدە 4592 قېتىم، "ل" ھەرپى 3204 قېتىم، "م" ھەرپى بولسا 2195 قېتىم كەلگەن. بۇ سۈرىدىمۇ «الم» دىكى ئۈچ ھەرپنىڭ ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپى بىلەن بۇ ھەرپلەرنىڭ قېتىم سانىنىڭ ئاز-كۆپلۈك تەرتىپىمۇ ئوخشاش.

«ئال ئىمران» سۈرىسىنىڭ بېشىدا كەلگەن «الم» دىكى "ا" بۇ سۈرىدە 2578 قېتىم، "ل" 1885 قېتىم، "م" 1251 قېتىم كەلگەن بۇ سۈرىدىمۇ بۇ ھەرپلەرنىڭ ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپى بىلەن بۇ ھەرپلەرنىڭ قېتىم سانىنىڭ ئاز-كۆپلۈكى تەرتىپىمۇ ئوخشاش.

«ئەنكەبۇت» سۈرىسىنىڭ بېشىدا كەلگەن «الم» دىكى "ا" بۇ سۈرىدە 784 قېتىم، "ل" 554 قېتىم، "م" 344 قېتىم كەلگەن. بۇ سۈرىدىمۇ بۇ ھەرپلەرنىڭ ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپى بىلەن بۇ ھەرپ-

❶ "قاف. شەرەپلىك قۇرئان بىلەن قەسەم قىلىمەن" (50-سۈرە، 1-ئايەت).

❷ "مېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشۇمدىن قورقىدىغانلارغا (قۇرئان بىلەن) ۋەز-نەسىھەت قىلغىن" (50-سۈرە، 45-ئايەت).

# «قۇرئان كەرىم»، تەرەققىيات ۋە بىز

● نۇرمۇھەممەت ھەسەن

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ئاللاتائالا ئىنسانلارنى ئىلىمگە قىزىقتۇرۇپ ۋە ئۇنى ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئۇقتۇرۇش قويۇپ «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: ”ئۇلار **قارىمامدۇكى، تۆگىلەر قانداق يارىتىلدى؟ ئاسمان قانداق ئېگىز قىلىندى؟ تاغلار قانداق تۇرغۇزۇلدى؟ زېمىن قانداق يېيىتىلدى؟“** (88-سۈرە «غاشىيە»، 17—20-ئايەتلەر). مانا بۇ ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ يالغۇز

دىنىي بىلىملەرنىلا ئىگىلەپ قالماستىن، بەلكى بىئولوگىيە، ئاسترونومىيە، ئارخېئولوگىيە، جۇغراپىيە قاتارلىق ئىلىملەرنىمۇ ئىگىلىسە بولىدىغانلىقىنى ھەمدە ئۇ بىلىملەرنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىلىم ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلەيمىز.

بۈگۈنكى كۈندە ئىلىم-پەننىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىسلام تەرەققىياتىدىمۇ نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بولدى. «قۇرئان كەرىم» دىكى نۇرغۇن

لەرنىڭ ئاز-كۆپلۈك تەرتىپىمۇ ئوخشاش.

«رۇم» سۈرىسىنىڭ بېشىدا كەلگەن «الم» دىكى ”ا“ بۇ سۈرىدە 547 قېتىم، ”ل“ 396 قېتىم، ”م“ 318 قېتىم كەلگەن، بۇ سۈرىدىمۇ بۇ ھەرپلەرنىڭ ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپى بىلەن قېتىم سانىنىڭ ئاز-كۆپلۈك تەرتىپىمۇ ئوخشاش.

مەككىدە نازىل بولغان سۈرىلەر ئىچىدە «الم» بىلەن باشلانغان سۈرىلەردە كەلگەن ”ا“، ”ل“، ”م“ ھەرپلىرىنىڭ ھەربىرىنىڭ ئومۇمىي قېتىم سانى «الم» بىلەن باشلانمىغان سۈرىلەردىكى بۇ ئۈچ ھەرپنىڭ ھەربىرىنىڭ قېتىم سانىدىن ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئارتۇق. مەدىنىدە نازىل بولغان سۈرىلەر ئىچىدە «الم» بىلەن باشلانغان سۈرىلەردە كەلگەن بۇ ئۈچ ھەرپنىڭ ھەربىرىنىڭ ئومۇمىي قېتىم سانى «الم» بىلەن باشلانمىغان سۈرىلەردىكى ئۇ ئۈچ ھەرپنىڭ ھەربىرىنىڭ قېتىم سانىدىن ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئارتۇق.

ئېلېكترونلۇق مېڭە بەرگەن بۇ سانلىق مەلۇماتلار بۇ خاسىيەتلىك ھەرپلەرنىڭ ئىنچىكە سانلىق ئۆلچەملەرگە، چوڭقۇر مەنىلىك دەلىللەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىزگە ھېس قىلدۇرىدۇ. سۈرىلەرنىڭ بېشىدىكى بۇ خاسىيەتلىك ھەرپلەر «قۇرئان كەرىم» دىكى ئاللانىڭ ئىلىم-ھېكمەتلىرىنىڭ روشەن بەلگىلىرى. ئۇنىڭ ھەممە سىرلىرىنى ئېلېكترونلۇق مېڭىدىنمۇ ئەڭ تېز، ئەڭ ئىنچىكە ھېسابلايدىغان، ھەممىنى بىلگۈچى ئاللا بىلىدۇ. شۇڭا ھېچقايسىمىزمۇ بۇ خاسىيەتلىك ھەرپلەرنىڭ ھەممە سىرلىرىنى بىلدىم دېيەلمەيمىز. شۇنداقتىمۇ ئۇنى بىلىش ئۈچۈن ھەر زامان ئىنتىلىمىز.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، مۇھەممەت سالىھ
2. «سەفۋەتۇت فاسىر»، مۇھەممەد ئەلى سابۇنى
3. «مۇختەسىر ئىبنى كەسىر»، مۇھەممەد ئەلى سابۇنى
4. «فى زەلالىل قۇرئان»، سەيد قۇتبى
5. «دىنىسىز دوستۇم بىلەن سۆھبەت»، مۇستەفا مۇھەممەد

www.uyghurkitap.com

ھەقىقەتلەرنىڭ سىرى ئېچىلىپ، فىزىكا، خىمىيە ۋە باشقا پەن-تېخنىكا بىلىملىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنىڭ «قۇرئان كەرىم» دىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى، ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىياتقا ئىنتىلىدىغان، پەن-تېخنىكىنى قوللايدىغان دىن ئىكەنلىكى، جۈملىدىن، «قۇرئان كەرىم» تەرەققىياتنىڭ ھەقىقىي يىلتىزى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ بەندىنىڭ سۆزى ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتەن ئاللانىڭ كالامى بولۇپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللا تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەنلىكىگە شەك يوق ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. «قۇرئان كەرىم» دە پەن بىلىملىرىگە ئائىت مەزمۇنلار كۆپ ئۇچرايدۇ:

بىرىنچى، ھازىرقى زامان ئالىملىرى ئاسمانلارنىڭ تۇمان ھالىتىدە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. «قۇرئان كەرىم» دە ئاللا زېمىننى يارىتىپ بولغاندىن كېيىن، **"ئاندىن ئۇ ئاسماننى (يارىتىشقا) يۈزلەندى، ھالبۇكى، ئۇ تۇمان ھالىتىدە ئىدى"** دېيىلگەن ... (41-سۈرە «فۇسسىلەت»، 11-ئايەت).

ئالىملار يەنە يۇلتۇزلارنىڭ دائىم پەيدا بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ۋە ئاسماننىڭ يۇلتۇزلارنىڭ كېڭىشىگە ئەگىشىپ كېڭىيىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان، بۇ قاراش «قۇرئان كەرىم» دىكى مۇنۇ ئايەتتىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ: **"ئاسماننى قۇدرەت بىلەن بەرپا قىلدۇق، بىز ھەقىقەتەن قۇدرەتلىكمىز"** (51-سۈرە «زارىيات»، 47-ئايەت).

ئىككىنچى، ئالىملار يەنە ئاينىڭ ئۆزى يورۇقلۇق چىقارماستىن، بەلكى قۇياش نۇرىنى قايتۇرۇش ئارقىلىق يورۇقلۇق تارقىتىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق مەزمۇن بار: **"كېچە بىلەن كۈندۈزنى ئىككى ئالامەت قىلدۇق، كېچىنىڭ ئالامىتىنى كۆتۈرۈۋەتتۇق، ... كۈندۈزنىڭ ئالامىتىنى يورۇقلۇق قىلدۇق"** (17-سۈرە «بەنى ئىسرائىل»، 12-ئايەت). **"ئاسماندا بۇرۇجلەرنى، يېنىپ تۇرىدىغان چىراغنى (يەنى كۈننى) ۋە نۇرلۇق ئاينى ياراتقان ئاللانىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر"** (25-سۈرە «فۇرقان»، 61-ئايەت). بۇ ئايەتلەردىن ئاينىڭ يورۇقلۇقنى قۇياشتىن (يەنى بىر چىراغتىن) قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ، ئۇنداق بولمىسا ئىدى، ئاللا چوقۇم «ئىككى چىراغ» دېگەن بولاتتى، ھالبۇكى ئاللا بۇ يەردە «بىر چىراغ» دەپ ئوتتۇرىغا قويغان.

ئۈچىنچى، ھازىر ئالىملار ئادەم يۇقىرىغا ئۆرلىگەنسېرى ھاۋا شالاڭلىشىپ، نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىپ كېتىدۇ، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. «قۇرئان كەرىم» دە بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلگەن: **"ئاللا كىمنى ھىدايەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن ئاچىدۇ، ئاللا كىمنى ئازدۇرماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى شۇنچە تارايتىۋېتىدۇكى، (ئىمان ئېيتىش) ئۇنىڭغا گويا ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ قىيىن تۇيۇلىدۇ..."** (6-سۈرە «ئەنئام»، 125-ئايەت). بۇ ئايەتتە ئىنسان ھاۋاغا ئۆرلىگەنسېرى ساپ ھاۋا مىقدارى ئازىيىپ، نەپەس ئېلىش قىيىنلىشىپ، كۆكسى سىقىلىدىغانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

تۆتىنچى، ئارخېئولوگىيە ئالىملىرى تاغلارنىڭ يەر ئاستىدىكى قىسمى يەر ئۈستىدىكى قىسمى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، قېقىلغان قوزۇققا ئوخشايدۇ، ئۇ يەر تەۋرەشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ياكى يەر تەۋرەشنى ئاجىزلىتىشتا مۇئەييەن رول ئوينايدۇ دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېيىلگەن: **("زېمىننىڭ تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) تاغلارنى قوزۇق قىلمىدۇقمۇ؟"** (78-سۈرە «نەبە»، 7-ئايەت). **"يەر تەۋرەپ ئۇلارنىڭ خاتىرجەمسىز بولماسلىقى ئۈچۈن، بىز زېمىندا تاغلارنى ياراتتۇق"** (21-سۈرە «ئەنبىيا»، 31-ئايەت).

بەشىنچى، زوئولوگىيە ئالىملىرى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭمۇ باشقا جانلىقلارغا ئوخشاشلا جۈپ بولىدىغانلىقىنى (ئا-

نىلىق ۋە ئاتىلىق ئۇرۇقى بولىدىغانلىقىنى) ۋە شۇ ئارقىلىق نەسىل قالدۇرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. «قۇرئان كەرىم» بۇ ھەقتە مۇنداق خەۋەر بېرىدۇ: **"ئاللا (پۈتۈن ئەيىب-نۇقسانلاردىن) پاكتۇر، ئۇ پۈتۈن شەيئىلەرنى جۈپ ياراتتى. زېمىندىن ئۈنۈپ چىقىدىغان نەرسىلەرنىڭ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئۇلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ جۈپتى بار"** (36-سۈرە «ياسىن»، 36-ئايەت). مانا بۇ ئايەتتىن يالغۇز ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈكلەرنىڭلا جۈپتى بولۇپ قالماستىن، بەلكى توك، ماگنىت ۋە خىمىيۋى ماددا زەررىچىلىرىنىڭمۇ مۇسبەت ۋە مەنپىيدىن ئىبارەت جۈپلۈكتىن شەكىللىنىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئالتىنچى، جۇغراپىيە ئالىملىرى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق پەلەستىننىڭ ئېرۇسالىم رايونىنى دۇنيا بويىچە يەر يۈزى ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ تۆۋەن رايون دەپ ئىسپاتلاپ چىقتى. بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: **"رۇملۇقلار يېقىن بىر جايدا (زېمىننىڭ ئەڭ تۆۋەن يېرىدە) يېڭىلدى، ئۇلار يېڭىلگەندىن كېيىن بىرقانچە يىل ئىچىدە يېڭىدۇ"** (30-سۈرە «رۇم»، 2—4-ئايەتلەر). رۇملۇقلار بىلەن پارسلار ھازىرقى پەلەستىن رايونىدا ئۇرۇشقان بولۇپ، ئۇ ئېرۇسالىم رايونىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ توغرۇلۇق نۇرغۇن مۇپەسسىرلەر مۇشۇ كۆز قاراشتا.

يەتتىنچى، مېدىتسىنا ئالىملىرى ئادەمنىڭ سېزىش قۇۋۋىتى تېرىگە ئورۇنلاشقان، ئەگەر تېرە كۆيدۈرۈلسە ئۇ جايغا بىر نەرسە قاتتىقراق تېگىپ كەتسىمۇ تېرە سەزمەيدۇ، چۈنكى كۆيدۈرۈلگەن تېرە سەزگۈلۈكنى يوقىتىدۇ دەپ كۆرسەتتى. «قۇرئان كەرىم»دە بۇ توغرۇلۇق مۇنداق مەلۇمات بار: **"شۈبھىسىزكى بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى دوزاخقا كىرگۈزىمىز، ئۇلارنىڭ تېرىلىرى پىشىپ تۈگىگەن چاغدا ئازابنى تېتىتىش ئۈچۈن ئورنىغا باشقا تېرە يەڭگۈشلەيمىز. ئاللا ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر"** (4-سۈرە «نىسا»، 56-ئايەت). دېمەك، بۇ ئايەتتىن سېزىمچانلىقنىڭ ھەقىقەتەن تېرىگە ئورۇنلاشقانلىقىنى ۋە كۆيدۈرۈلگەن تېرىنىڭ سېزىمچانلىقىنى يوقىتىدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

سەككىزىنچى، دېڭىز-ئوكيان تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇشىچە، ئىككى ئوكيان ياكى ئىككى دېڭىز ئارىسىدا كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان تەبىئىي توساق بولۇپ، ئۇلارنىڭ سۈيى بىر-بىرىگە ئۆتۈشكەندەك كۆرۈنسىمۇ، بىراق بىر دېڭىزدىكى سۇنىڭ تەمى يەنە بىر دېڭىزدىكى سۇنىڭ تەمىگە ئوخشىمايدىكەن، ئۇلارنىڭ سۈيى بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ ئارىلىشىپ كەتمەيدىكەن. «قۇرئان كەرىم»دە بۇ توغرۇلۇق مۇنداق دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەن: **"ئۇ (ئاللا) ئىككى دېڭىز-نى (بىرى تاتلىق، بىرى ئاچچىق) ئاققۇزدى، ئۇلار ئۇچرىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا توسما بولۇپ، بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ كەتمەيدۇ"** سۈرە «رەھمان»، 19—20-ئايەتلەر).

ئەنە يۇقىرىدىكىدەك پەن بىلىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «قۇرئان كەرىم»نىڭ بۇنىڭدىن 14 ئەسىر بۇرۇن مەيدانغا كېلىشى، يەنى پەن-مەدەنىيەت گۈللەنمىگەن، تەكشۈرۈش ئەسۋابلىرى يوق، ساۋاتسىزلىق ئەۋج ئالغان بىر دەۋردە مەيدانغا كېلىشى ئۇنىڭ چوقۇم ئاللانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى، ئۇنداق مول بىلىمنىڭ ئاللانىڭ كالامىدىن باشقا ھېچقانداق نەرسىدە تېپىلمايدىغانلىقىنى، ھەمدە بۇنداق سېستىمىلىق بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر كىتابنىڭ ئادەتتىكى كىشىلەرگە چۈشمەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ پەقەت ئاللا تاللىۋالغان پەيغەمبەرلەرگىلا چۈشىدىغانلىقىنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللانىڭ بەرھەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ بېرىدۇ. بۇ نېمىدېگەن بۈيۈك ھەقىقەت-ھە! ئەنە شۇ ھەقىقەتنى بىلگەن، ئىسلام دىنى دۇنيادىكى

تەرەققىياتنىڭ يېلتىزى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ تەرەققىياتقا قارشى دىن ئەمەس، ئەكسىچە تەرەققىپەرۋەر دىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ياۋروپالىق ۋە ئامېرىكىلىق نۇرغۇن ئالىم ۋە مۇتەخەسسىسلەر «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۇھەممەد پەيغەمبەر ئۆزى ئىجاد قىلغان كىتاب بولماستىن، بەلكى ئاللا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتاب ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى ھەم ئۇلاردىن بىرمۇنچىلىرى ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى. بىراق بىزچۇ؟ بىزنىڭ نۇرغۇن كىشىلىرىمىز ئۆزى بىلگەنچە ئىش قىلىپ، قۇرئاندىكى ھەقىقەتلەرگە كۆڭۈل بۆلمەيۋاتىدۇ. باشقىلار قۇرئاندىكى ھەقىقەتلەرنى تونۇپ، ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، ئۇنى تەرەققىيات يولىغا ئىشلەتسە، بىزنىڭ بىرمۇنچە كىشىلىرىمىز قۇرئاننىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى چۈشەنمەي تۇرۇپلا ئۇنى شەكلەن ئۇلۇغلاۋاتىدۇ ياكى ھەر خىل مەنپەئەت، ئابرۇي ئىشلىرىغا دەستەك قىلىۋېلىۋاتىدۇ. نەتىجىدە بىز باشقا بىرمۇنچە مىللەتلەردىن پەن-مەدەنىيەت، تەرەققىيات جەھەتتە ئارقىدا قالدۇق. تەرەققىي تاپقان ئەللەردىكى بىلىملىك كىشىلەر قۇرئانغا قىزىقىپ، ئۇنىڭ سىر-ھېكمەتلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ ئۆزىگە توغرا ئېتىقاد يولى تېپىۋاتسا، بىزنىڭ بىرمۇنچە كىشىلىرىمىز قۇرئاننى نەزىر-چىراغ، توي-تۆكۈن سورۇنلىرىدا ۋە مازار-قەبرىستانلىقلاردا يادلاپ ئوقۇشتىن باشقىنى بىلمەيۋاتىدۇ. شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، قۇرئان كىشىلەرگە ھەر جەھەتتىن يېتەكچىدۇر. ئاللاتائالا ئۆز كالامىدا شۇنداق دەيدۇ: **"بۇ كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ھېچ شەك يوق. (ئۇ) تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر"** (2-سۈرە «بەقەرە»، 2-ئايەت).

جەمئىيىتىمىزدە، يەنە بەزى كىشىلەر، «قۇرئان كەرىم»دىكى ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنى تەرەققىياتقا ئۈندىگەنلەرنى مەسخىرە قىلىپ، بۇرۇنقىلار بىلمەيتتىمۇ؟ ئاتا-بوۋىمىز دېمىگەن، ئوتتۇرىغا قويمىغان نەرسىلەرنى بىز قوبۇل قىلامدىكەنمىز دېيىشىدۇ، بۇنداق دېيىشنىڭ ئۆزى نادانلىقتۇر. ئاللاتائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **("ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان نەرسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ئادەم (ھەقنى كۆرمەيدىغان دىلى) كور ئادەم بىلەن ئوخشاش بولامدۇ؟ (ئاللانىڭ ئايەتلىرىدىن) پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا پەند-نەسىھەت ئالىدۇ"** (13-سۈرە «رەئد»، 19-ئايەت).

«قۇرئان كەرىم»دە ئىنسانلارنى پەننى بىلىملەرنى ئۆگىنىش ۋە ئىگەللەشكە ئۈندەيدىغان نۇرغۇن ئايەتلەر بار: **"شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، روشەن دەلىللەر بار"** (3-سۈرە «ئال ئىمران»، 190-ئايەت). **"ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا مۆمىنلەر ئۈچۈن (ئاللانىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ھەقىقەتەن نۇرغۇن دەلىللەر بار. سىلەرنىڭ يارىتىلىشىڭلاردا ۋە (ئاللا زېمىندا) تارقىتىۋەتكەن جانىۋارلاردا (ئاللانىڭ قۇدرىتىگە) جەزمەن ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن نۇرغۇن دەلىللەر بار. كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا، ئاللانىڭ بۇلۇتتىن (كۆكتىن) يامغۇر ياغدۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن رىزقلاندۇرۇپ ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرۈشىدە ۋە شاماللارنىڭ يۆزلىنىشىنى ئۆزگەرتىپ تۇرۇشىدا، چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئاللانىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار"** (45-سۈرە «جاسىيە»، 2-5-ئايەتلەر). **"(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى كۆزىتىڭلار"** (10-سۈرە «يۇنۇس»، 101-ئايەت). بۇ ئايەتلەردە ئاللاتائالا پەننى بىلىملەرنى ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈر ۋە مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. بىراق بىزنىڭ بىر قىسىم كىشىلىرىمىز



www.uyghurkitap.com

قۇرئاندىن چىقمىغان نەرسىلەرنى قوبۇل قىلمايمىز، ئاتا-بوۋىلىرىمىز قىلمىغان ئىشنى بىزمۇ قىلمايمىز، ئۇنى قىلساق يامان، بۇنى قىلساق يامان دەپ، مىللىتىمىزنىڭ پەن-مەدەنىيەت ئۆگىنىش ئىشلىرىغا توسقۇنلۇق قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ قۇرئان تەلىملىرى توغرىسىدىكى بىلىمسىزلىكىنى، قۇرئاننىڭ ھەقىقىي قەدرىگە يېتەلمەيۋاتقان روھىي زەئىپلىكىنى ئاشكارىلاپ يۈرمەكتە. قارايدىغان بولساق، ھازىر كۆپىنچە ئائىلىدە بىردىن «قۇرئان كەرىم» بار، بەزىلەر ئۇنى ئوقۇپلا قويىدۇ، ئۇنىڭ سىر-ھېكمىتىنى تەھلىل قىلمايدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ ئىدىيە-مەزمۇنى، بىلىم، چۈشەنچىلىرىنى ئۆزلەشتۈرەلمەيدۇ، ئۆزلەشمىگەن نەرسە ئېسىدە قالمايدۇ، ئېسىدە قالمىغاندىكىن ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمايدۇ؛ بەزىلەر قۇرئاننى ئوقۇپمۇ قويماي ئۇنى ئەگكۈشتەر بىلىپ ساقلاپ ياتىدۇ، بەزىلەر ھەتتا ئۇنى تاپاۋەتنىڭ دەستىكى قىلىۋالىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا بىزدە قۇرئاننىڭ قەدرىگە ھەقىقىي يېتەلەيدىغانلار ھەم ئۇنىڭ مۇقەددەس ئەھمىيىتىدىن پايدىلىنالايدىغانلار تولىمۇ ئاز، يولنى بىلمەي يول ماڭىدىغانلار ناھايىتى كۆپ، رەسۇلۇللا بىر ھەدىسىدە مۇنداق دەيدۇ: **"ئى قۇرئان ئىگىلىرى (مۇسۇلمانلار)! قۇرئانغا ياستۇق ئورنىدا يۆلىنىۋالماڭلار، ئۇنى كۈندۈزدە ۋە كېچىدە ئوقۇش لايىقىدا ئوقۇڭلار، ئۇنى كىشىلەرگە تارقىتىڭلار، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزەڭلارنى باي دەپ ھېسابلاڭلار (پۇل يىغىش ئۈچۈن ئىشلەتمەڭلار). قۇرئاندىكى ھەقىقەتلەر توغرىسىدا ئويلىنىڭلار، ئۇمىدكى سىلەر نەتىجە قازىنىسىلەر. ئۇنىڭ ساۋابىغا (مەنپەئەتىگە، پۇلغا) بۇ دۇنيادا ئالدىراپ كەتمەڭلار، چۈنكى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاخىرەتتە ساۋاب بار".** (بۇ ھەدىسنى بەيھەقى «شۇئەبىل ئىمان» دېگەن كىتابتا رىۋايەت قىلغان). مانا بۇ ھەدىستىن «قۇرئان كەرىم»نى ھەرگىزمۇ پۇل تېپىشقا ئىشلىتىشكە بولمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى بەختلىك ھېسابلاش كېرەكلىكىنى ۋە ئۇنىڭدىكى سىرلارنى ئېچىپ باشقىلارغا يەتكۈزۈشنىڭ لازىملىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

قېرىنداشلار! تارىخنىڭ ستېرېلكىسى 21-ئەسىرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ، باشقا مىللەتلەر 21-ئەسىرنى يېڭى تەرەققىيات بىلەن كۈتۈۋېلىش ھەمدە ئۆزىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. بىزچۇ؟ يېڭى ئەسىرگە نېمىنى سوۋغات قىلىمىز؟ 21-ئەسىرنى قۇرۇق قول كۈتۈۋالامدۇق؟ 21-ئەسىرگە ئىككى قولىمىزنى بۇرنىمىزغا تىقىپ ئاتلىنامدۇق؟ ياق، بىزمۇ تەرەققىيات يولىمىزنى يەنىلا ئۆزىمىز تېپىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن تىرىشىپ بىلىم ئىگەللىشىمىز، ئۆزىمىزنى مۇقەددەس «قۇرئان كەرىم» ئىدىيىسى بويىچە تەرەققىيپەرۋەر مۇسۇلمانغا ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك، ئېتىقاد ۋە ئىلىم ئىگەللەشلا بىزنى كامالەتكە، تەرەققىياتقا سازاۋەر قىلالايدۇ. ئەگەر تەرەققىياتقا ئىنتىلمەي "ئۆزمە پىش، ئاغزىمغا چۈش" دەپ غەپلەتتە ئولتۇرساق، قالاق ھالەتتە قالغىنىمىز قالغان. بۇ ھەقتە ئاللاتائالا ئېنىق ئېيتقان: **"ھەرقانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگۈچە، ئاللا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ"** (13-سۈرە «رەئد» 11-ئايەت).

ھۆرمەتلىك مۇسۇلمانلار! ھەممىمىز بىرلىكتە ئاللانىڭ ۋە رەسۇلىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىيورۇقلىرىغا پائال ئاۋاز قوشۇپ، پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى تىرىشىپ ئىگەللەپ، تەرەققىياتقا ئاتلىنىپ، مىللىتىمىزنىڭ پەن-مەدەنىيەت ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈپ، 21-ئەسىرنى يېڭى نەتىجىلەر بىلەن كۈتۈۋالايلى!

ئاللاتائالا ھەممىمىزگە مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلغاي، ئامىن!

**(ئاپتور: قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى مەكتىپى تالىپى؛ ماقالىنى رەتلىگۈچى: ئەنۋەر مۇھەممەت؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى.)**

tuyghurkitap.com

# تەجۋىد ئىلمى ۋە «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇش توغرىسىدا

◄ قەمەرىددىن

**1. تەجۋىد ئىلمى ۋە ئۇنى ئۆگىنىشنىڭ ھۆكۈمى توغرىسىدا**

"تەجۋىد" دېگەن بۇ سۆز ئەسلى ئەرەب تىلىدىكى "(جود" يەنى "جەۋۋەدە") دېگەن پېئىلنىڭ سۆز يىلتىزى بولۇپ، ئۇنىڭ لۇغەت مەنىسى "ياخشىلىق، پىششىقلاش" دېگەندىن ئىبارەت. بۇ سۆزنىڭ ئىستىلا مەنىسى بولسا، "«قۇرئان كەرىم»دىكى ھەربىر ھەرپنى مۇكەممەل تەلەپپۇز قىلىش ۋە مەخرەجلەرنى (تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرىدىن) ئېنىق چىقىرىپ ئوقۇش"، يەنى «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇغاندا ھەربىر ئايەتنىڭ ھەرپلىرىنى چۈشۈرۈپ قويماي ياكى تەكرارلىماي ۋە ياكى ئۆزگەرتمەي ھەرپنىڭ ئەسلىي تەلەپپۇزى بويىچە ئەينەن ئوقۇشتىن ئىبارەت. شۇڭا تەجۋىد ئىلمى تەبىرىنى ئىخچاملاشتۇرۇپ ئېيتساق، ئۇ "«قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇشنىڭ قائىدىلىرىنى چۈشەندۈرىدىغان ئىلىم"دۇر.

تەجۋىد ئىلمىنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسۇل ۋە قائىدىلىرى بار. بۇ ئۇسۇل-قائىدىلەر «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇغان ھەربىر كىشى ئۈچۈن كومپاسلىق رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇماقچى بولغان ھەرقانداق كىشى ئالدى بىلەن بۇ ئىلىمدىن خەۋەردار بولماي تۇرۇپ ئۇنى توغرا ئوقۇيالمايدۇ. تەجۋىد ئىلمىگە يۇقىرىدا تەبىر بېرىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ ئىلىم بىزگە قۇرئاندىكى ھەربىر ھەرپنى توغرا تەلەپپۇز قىلىش ۋە مەخرەجلەرنى توغرا چىقىرىش، بەزى ھەرپلەرنى قىسمەن يوشۇرۇن ۋە بەزىلىرىنى روشەن، ئېنىق ۋە بەزى ھەرپلەرنى باشقا ھەرپلەرنىڭ ئالدىغا كەلگەندە قانداق قىلىپ كەينىدىكى ھەرپ بىلەن بىرىكتۈرۈپ تەلەپپۇز قىلىش ئارقىلىق ھەرپنى-ھەرپكە، سۆزنى-سۆزگە، ئاندىن ئايەتنى-ئايەتكە ئۇلاپ ئوقۇش، بەزى ھەرپلەرنى قانداق ئەھۋال ئاستىدا سوزۇپ ئوقۇش ۋە قايسى ھەرپلەرنى قانداق ئەھۋالدا ئىنچىكە تەلەپپۇز قىلىش ۋە قانداق ئەھۋالدا توم، يوغان ئاۋازدا تەلەپپۇز قىلىش، قەيەردە توختاش ۋە قانداق توختاش توغرىسىدىكى ئېنىق روشەن بولغان قائىدە-پرىنسىپلارنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تەجۋىد ئىلمىنى ئۆگەنمەي، پەقەت ئەرەبچە خەت ئوقۇشنىلا ئۆگەنگەن ھەرقانداق كىشىنى «قۇرئان كەرىم»نى توغرا ئوقۇيدۇ دەپ ئېيتىشقا بولمايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە ئەرەب ھەرپلىرىنى بىلىۋېلىپ، ئاندىن تەجۋىد ئىلمىنى ئۆگەنگەن ئادەملا «قۇرئان كەرىم»نى توغرا ئوقۇيالايدۇ، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

تەجۋىد ئىلمىنى ئۆگىنىش «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇماقچى بولغان ھەربىر ئەر-ئايال مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرز. ئاللا «قۇرئان كەرىم»دىكى 64-سۈرە «مۇزەممىل»نىڭ 4-ئايىتىدە مۇنداق دېگەن: "**قۇرئاننى تەرتىل بىلەن (يەنى دانە-دانە، ئوچۇق) ئوقۇغىن**". «قۇرئان كەرىم»نى پەقەت تەجۋىد ئىلمىنىڭ قائىدە-ئەھكاملىرى بويىچە سوزىدىغان ھەرپنى سوزۇپ، ئىنچىكە تەلەپپۇز قىلىشقا تېگىشلىك ھەرپنى ئىنچىكە تەلەپپۇز قىلىپ، توختايدىغان ئورۇندا توختاپ ئوقۇشقا تىلنى كۆندۈرگەندىلا، ئاندىن ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى ئاللانىڭ تەلىپى بويىچە «قۇرئان كەرىم»نى دانە-دانە، ئوچۇق ئوقۇغىلى بولىدۇ. «قۇرئان كەرىم»نى خاتا ئوقۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇماقچى بولغان ھەرقانداق

كىشى بىرىنچى قەدەمدە ھەرپلەرنى توغرا تەلەپپۇز قىلىشى، نەپەس ئېلىش ئىقتىدارىنى كونترول قىلىپ، نەپەس چىقىرىش ۋاقتىنى ئۇزارتىشقا تىرىشىشى لازىم.

**2. «قۇرئان كەرىم» ئوقۇشنىڭ ھۆكۈمى ۋە ئۇنى ئوقۇش-يادقا ئېلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا**

«قۇرئان كەرىم» بولسا ئاللانىڭ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان كالامى بولۇپ، ئۇنى ھەرقانداق ئەر-ئايال مۇسۇلمان كىشىنىڭ تىلاۋەت قىلىپ تۇرۇشى سۈننەتتۇر. ئەرەب تىلى ھەرپلىرىنى تونۇشقا قۇربى يەتمىگەن ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن ئۆز ئانا تىلىدىكى «قۇرئان كەرىم» تەرجىمىسىنى ئوقۇش ۋە چۈشىنىش ۋاجىپتۇر.

ھەربىر مۇسۇلمان «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇپ تۇرغاندىلا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئۆزىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئەمەللىرىنى بىلىدۇ ۋە ئۇلارنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە قىلىشقا تىرىشىدۇ. ئۇنىڭ ئىنسانلار تەبىئىتىگە، كائىناتقا بولغان تونۇشى روشەنلىشىدۇ. تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىنى بىلىدۇ. تەبىئەتنىڭ ئېچىلمىغان سىرلىرىنى ئېچىش ئۈچۈن ئىلھام ئالىدۇ ۋە تىرىشىپ ئىزدىنىش ئېلىپ بارىدۇ. چۈنكى «قۇرئان كەرىم»دە تەبىئەت، كائىنات، جانلىقلار ۋە ئىنسان پسىخىكىسى توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان ھېكمەتلەر بار. «قۇرئان كەرىم»نىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ ئوقۇغان ۋە شۇ بويىچە ئىمكانىيەتنىڭ يار بېرىشىچە ھايات كەچۈرگەن كىشىلا ئاللانىڭ «قۇرئان كەرىم»نى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرگەن غايىسى بويىچە ئوقۇغان بولىدۇ. شۇڭا ئاللا بىرىنچى قېتىم چۈشۈرگەن ئايەتنى بىلىش ۋە ئۆگىنىشنىڭ ئاساسى بولغان ئەرەب تىلىدىكى "ئىقرائە" يەنى "ئوقۇ" دېگەن بۇيرۇق سۆزى بىلەن باشلىغان. ئاللا «قۇرئان كەرىم»دىكى 96-سۈرە «ئەلەق»نىڭ بېشىدا مۇنداق دېگەن:

**"ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى".**

«قۇرئان كەرىم»نى ئىخلاسمەنلىك، توغرا نىيەت، ياخشى مەقسەت بىلەن ئوقۇش ئىبادەت قاتارىدا سانىلىپ، بۇنىڭغا «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇغۇچى ئۈچۈن ئاللا تەرىپىدىن ئەجىر بېرىلىدۇ. ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ئەگەر كىمكى «قۇرئان كەرىم»دىن بىر ھەرپنى ئوقۇسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ياخشى ئىش يېزىلىدۇ؛ شۇ يېزىلغان ياخشى ئىش ئون ھەسسە كۆپەيتىلىدۇ."** ئىمام مۇسلىم ئەبى ئەمەمەدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: **"سىلەر «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇڭلار! ئۇ قىيامەت كۈنى ئۇنى ئوقۇغان كىشىلەر ئۈچۈن شاپائەت قىلغۇچى بولۇپ كېلىدۇ."** ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىملار ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ئىككى كىشى ئۈستىدە ھەسەت قىلىنمايدۇ: بىرى ئاللا «قۇرئان كەرىم»نى يادقا بەرگەن كىشى، ئۇ كىشى شۇ كىتاب بىلەن كېچە-كۈندۈز ناماز ئۆتەيدۇ؛ يەنە بىرى ئاللا مال-دۇنيا بەرگەن كىشى، ئۇ كىشى شۇ بېرىلگەن مال-دۇنياسىنى كېچە-كۈندۈز سەدىقە قىلىدۇ."** بۇ ھەدىسلەردىن ئاللا «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇغۇچىلارغا بېرىدىغان ئەجىرنىڭ ھەقىقەتەن كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. شۇڭا ھەربىر مۇسۇلماننىڭ «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇشى زۆرۈر. ئۆز ۋاقتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالىغا ئاساسەن، «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇش ۋاقتىنى بەلگىلىۋېلىشى لازىم. «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ۋاقتى بولسا بامدات نامىزىدىن كېيىنكى ۋاقىتتۇر. ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىگە، كۈندىلىك خىزمىتىگە تەسىر يەتكۈزمىگەن ئەھۋال ئاستىدا داۋاملىق ئوقۇش ھەربىر مۇسۇلماندىن تەلەپ قىلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

مۇھىم ئىشى يوق، بىكارلىق ھېس قىلغان ۋاقىتتا چوقۇم «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇش كېرەك. بىراق بىر قېتىمدا كۆپ ئوقۇپ ئۆزىنى «قۇرئان كەرىم» ئوقۇشتىن زېرىكتۈرۈپ قويماسلىق لازىم.

ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**«قۇرئان كەرىم» سېنىڭ قۇرئان ئوقۇغانلىقىڭغا شاھىد ياكى ئوقۇمىغانلىقىڭغا گۇۋاھ بولىدۇ.**" يەنى ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ ساناپ كېلىۋاتقان ھەرقانداق كىشى ئەگەر ئەرەب تىلى ھەرپلىرىنى تونۇش ۋە تەجۋىد ئىلمىنى ئۆگىنىش شارائىتىنى يارىتالمىسا، ئۇ ئۆز ئانا تىلىدىكى «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەرجىمىسىنى ئوقۇسا بولىدۇ. «قۇرئان كەرىم» بولسا پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابى. شۇڭا، ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان ئائىلىسىدە «قۇرئان كەرىم»دىن بىر نۇسخا بار بولۇشى كېرەك.

يۇقىرىقى ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك: **بىراۋ «قۇرئان كەرىم»نى پۇلغا سېتىۋېلىپ، ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ، ئوقۇماي پەقەت رىيا ئۈچۈن ئېگىز ئورۇققا قويۇپ قويسا، شۇ ئوقۇلماي تۇرۇپ قالغان «قۇرئان كەرىم» قىيامەت كۈنى ئىگىسىنىڭ ئۇنى ئوقۇمىغانلىقىغا گۇۋاھ بولىدۇ. ئەگەر ئۇنى ئوقۇسا، تەكرارلاپ تۇرسا، قىيامەت كۈنى ئۆز ئىگىسىنىڭ ئۆزىنى ئوقۇغانلىقىغا شاھىد بولىدۇ.**

**3. «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇغاندا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار**

«قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇماقچى بولغان ھەرقانداق ئەر ياكى ئايال مۇسۇلمان تۆۋەندىكى ئىشلارغا دىققەت قىلىشى ۋە رىئايە قىلىشى كېرەك:

1) «قۇرئان كەرىم»نى جۇنۇپ بولۇپ قالغان (چوڭ تاھارەت بۇزۇلغان) كىشى تۇتماسلىقى كېرەك. چۈنكى ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم» دىكى 56-سۈرە «ۋاقىئە»نىڭ 79-ئايىتىدە مۇنداق دېگەن: "**ئۇنى (يەنى «قۇرئان كەرىم» نى) پەقەت پاك بولغانلارلا تۇتىدۇ**" «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇماقچى بولغان كىشى، ياخشى تاھارەت ئېلىپ ئوقۇشى كېرەك، چۈنكى «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇش بولسا ئاللانى ياد ئېتىشنىڭ ياخشى ۋە ئاسان يولىدۇر. شۇڭا تاھارەتسىز ئوقۇپ قويۇشتىن ساقلىنىش كېرەك.

2) «قۇرئان كەرىم» پاكىز يەردە ئوقۇلۇشى كېرەك. چۈنكى شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ئاللانىڭ كالامىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلغانلىق ۋە ئۇنىڭغا رىئايە قىلغانلىق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاللانى سېغىنىپ ئىبادەت قىلىشمۇ پاك يەردە ئېلىپ بېرىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇش بولسا ئەڭ ئاسان ئىبادەتتۇر. ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام "**پاكلىق ئىماننىڭ جۈملىسىدىن**" دېگەن. دېمەك، پاكلىق، تازىلىققا رىئايە قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىش ئىماننىڭ جۈملىسىدىن بولغان ئىكەن، ئەلۋەتتە ئاللانىڭ كالامىنى ئوقۇش ئۈچۈن پاكىز ئورۇن ۋە سورۇن تاللىنىشى كېرەك.

3) «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇغاندا تىنچ ئولتۇرۇپ، ھۆرمەت بىلەن ئوقۇش كېرەك، چۈنكى ئۇنىڭدا ئاللانىڭ بۇيرۇغان بۇيرۇقلىرى ۋە مۆمىنلەرگە بەرگەن خۇشاللىق ۋەدىلىرى ۋە ئىمانسىزلارغا دەھشەتلىك ئاقىۋەتلەردىن بەرگەن قورقۇنچلۇق خەۋەرلىرى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمانسىزلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاقىۋەتلەر توغرىسىدىكى ئايەتلەرنى ئوقۇغاندا قورققان قىياپەتتە ئوقۇش كېرەك، ئالدى-كەينىگە ياكى ئىككى تەرىپىگە چايقالماسلىق لازىم.

4) «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇشنى باشلاشتىن بۇرۇن "ئەئۇزۇ" دېگەن ئايەتنى ئوقۇش كېرەك. ئادەمنىڭ مېڭىسى دائىم تەپەككۇر يۈرگۈزىدىغان ۋە خىيال سۈرىدىغان بولغاچقا «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇۋېتىپ غەيرىي خىياللارنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن خاتا ئوقۇپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئاللاغا سېغىنىپ شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىدىن ساقلىنىشنى تىلەش لازىم. بۇ مەزمۇندا ئاللا «قۇرئان كەرىم»دىكى 16-سۈرە «نەھل»نىڭ 98-ئايىتىدە مۇنداق دېگەن: "**سەن قۇرئان ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، قوغلاندى شەيتاننىڭ**

**(ۋەسۋەسىدىن) ئاللاغا سىغىنىپ پاناھ تىلىگىن**". بەزى ئۆلىمالار «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇشتىن بۇرۇن "ئەئۇزۇ" ئوقۇشنى پەرز دەپ ھۆكۈم قىلغان.

5) «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇغاندا ئۇنىڭ ھەرپلىرىنى دانە-دانە، ئېنىق ۋە مەخرەجلىرىنى تولۇق چىقىرىپ ئوقۇش كېرەك. ئۇيغۇر تىلىدىكى كۆپلىگەن ھەرپلەرنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشى ۋە مەخرەجلىرى ئەرەب تىلىدىكى قىسمەن ھەرپلەر بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بىراق بىرقانچە ھەرپلەر گەرچە ئۇيغۇرچىدا بىرلا ھەرپ بىلەن ئىپادىلەنسىمۇ، ئۇلارنى قۇرئان ئوقۇغاندا چوقۇم پەرقلەندۈرۈپ ئوقۇش كېرەك. يەنى، ھەرگىزمۇ "ت" ۋە "ط" ھەرپلىرىنى بىرلا خىل تەلەپپۇزدا، "ث"، "س"، "ص" ھەرپلىرىنى بىرلا خىل تەلەپپۇزدا، "ز"، "ذ"، "ض"، "ظ" ھەرپلىرىنى بىرلا خىل تەلەپپۇزدا ئوقۇماسلىق كېرەك. چۈنكى، يۇقىرىقى ھەرپلەرنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئاۋاز چىقىرىش ئورۇنلىرى بار. شۇنداقلا يەنە "ف" ھەرپىنى "پ" ھەرپىگە ئوخشاش تەلەپپۇز قىلماسلىق كېرەك. چۈنكى ئەرەب تىلى ئېلىپبەسىدە ياكى «قۇرئان كەرىم»دە "پ" ھەرپى ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس.

6) «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇشتا، ئوقۇماقچى بولغان سۈرە ياكى ئايەتلەرنى توغرا، پىششىق، راۋان ئوقۇيدىغان دەرىجىگە يېتىش كېرەك. ئۇنى توغرا، پىششىق ۋە راۋان ئوقۇش بولسا «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇشتىكى ئەڭ مۇھىم مەقسەتلەرنىڭ بىرى. چۈنكى «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇيدىغان كىشى ئۇنى توغرا، پىششىق ۋە راۋان ئوقۇيالايدىغان بولغاندىلا، ئاندىن ئېغىزدا ئوقۇپ، مېڭىدە ئۇنىڭ مەنىسىنى ئويلاپ تەپەككۇر قىلىپ كېتەلەيدۇ، بۇيرۇق، ۋەدە، دۇئا-مەغپىرەت تىلەش، ئازاپ-ئوقۇبەت ۋە رەھمەتلىك مەنىلىرىدىكى ئايەتلەرنى ئوقۇغاندا ھېسسىياتنى شۇ مەزمۇنغا ماسلاشتۇرۇپ كېتەلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاڭلىغۇچىمۇ ئوخشاشلا ئاڭلىغان ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى ھېس قىلىپ كېتەلەيدۇ. ئاللا «قۇرئان كەرىم»دىكى 38-سۈرە «داد»نىڭ 29-ئايىتىدە مۇنداق دېگەن: **("بۇ) ئۇلارنىڭ ئايەتلەرنى تەپەككۇر قىلىشلىرى ئۈچۈن، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ۋەز-نەسىھەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن بىز ساڭا نازىل قىلغان مۇبارەك كىتابتۇر."** ئاللانىڭ «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇغۇچىلارغا بۇيرۇغىنىمۇ ئۇنى ئوقۇش بىلەن بىرگە ئۇنى چۈشىنىش ۋە باشقىلارغا چۈشەندۈرۈشتۇر. ئىمام مۇسلىم ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: "بىر كېچىسى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ناماز ئۆتۈدۈم، ئۇ «بەقەرە» سۈرىسىدىن باشلاپ ئوقۇدى. ئاندىن سۈرە «نىسا»نى ۋە سۈرە «ئال ئىمران»نى ئوقۇدى. ئۇ بۇ سۈرىلەرنى ئاستا سۈرئەتتە ئوقۇدى. ئۇ ئاللا ئۆزىنى سۈپەتلىمىگەن نەرسىلەردىن پاك قىلىش مەنىسىدىكى ئايەتنى ئوقۇغاندا، "ئاللا ئۆزىنى سۈپەتلىمىگەن نەرسىلەردىن پاك" دەپ دۇئا قىلدى (يەنى "سۇبھانالل‍ا" دېدى). ئۇ دۇئا تىلەك مەنىسىدىكى ئايەتنى ئوقۇغاندا، ئاللادىن تىلىدى. ئاللاغا سېغىنىپ تىنچلىقنى تىلەش مەنىسىدىكى ئايەتلەرنى ئوقۇغاندا، شۇ ھامان ئاللاغا سېغىنىپ ئۇنىڭدىن پاناھ تىلىدى (يەنى "ئەئۇزۇ بىللا" دېدى)."

7) «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇغان ۋاقىتتا ئۇنى ئوقۇغۇچى ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچۇرغان بولۇشى كېرەك. يەنى «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇۋاتقاندا خۇددى «قۇرئان كەرىم» ئۇنىڭغا نازىل بولۇۋاتقاندەك ھېسسىياتتا ئوقۇشى كېرەك. يامان ئىش بىلەن شۇغۇللانغان ۋە كۇپۇرلۇق قىلغان بەندىلەرگە بېرىلگەن ئاللانىڭ تەھدىتلىرىنى ئوقۇغاندا قورققان، تەشۋىشلەنگەن ۋە تىترىگەن ھالەتتە ھەسرەتلىنىشى ۋە يىغلىشى لازىم. ئاللا 17-سۈرە «بەنى ئىسرائىل (ئىسرا)»نىڭ 109-ئايىتىدە مۇنداق دېگەن: **"ئۇلار يىغلىغان ھالدا سەجدە قىلىشقا يىقىلىدۇ** (قۇرئاننى ئاڭلاش

بىلەن ئۇلار ئاللاغا) تېخىمۇ تەزەررۇ قىلىدۇ".

ئاللا يەنە 8-سۈرە «ئەنفال»نىڭ 2-ئايىتىدە مۇنداق دېگەن: "**پەقەت ئاللا ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، ئاللانىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۈل قىلىدىغان كىشىلەرلا (كامىل) مۆمىنلەردۇر.**" ئىمام بۇخارى ئىبنى مەسئۇددىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە ئۇ مۇنداق دېگەن: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا مۇنداق دېدى: 'سەن ماڭا قۇرئان ئوقۇپ بەرگىن'، مەن: 'قۇرئان سىزگە نازىل بولغان، مەن يەنە قۇرئان ئوقۇپ بېرەمدىمەن؟' دېدىم. ئۇ: 'شۇنداق، مەن باشقىلارنىڭ ئۇنى ئوقۇغىنىنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىمەن' دېدى. مەن سۈرە «نىسا»نى "بىز ھەربىر ئۈممەتتىن بىر گۇۋاھچىنى كەلتۈرگەن ۋە (ئى مۇھەممەد) سېنى ئۇلارغا (يەنى ئۈممىتىڭ ئىچىدىكى ئىمانسىزلارغا ۋە گۇناھكارلارغا) گۇۋاھچى قىلىپ كەلتۈرگەن چېغىمىزدا ئۇلارنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ' دېگەن ئايەتكىچە ئوقۇدۇم. ئۇ 'ئەمدى بولدى' دېدى. ئۇنىڭ ئىككى كۆزى ياشاڭغۇرىغان ھالدا كەينىگە بۇرۇلدى."

8) «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇغاندا ئاۋازنى ياخشىلاش ۋە گۈزەللەشتۈرۈش كېرەك. ئاۋاز بولسا «قۇرئان كەرىم» ئۈچۈن بىر زىننەتتۇر. ياخشى، يېقىملىق ئاۋاز بولسا ئىنسان دىلىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئىبنى ھەييان رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**سىلەر «قۇرئان كەرىم»نى ئاۋازىڭلار بىلەن زىننەتلەڭلار**".

9) يۇقىرى ئاۋازدا ئوقۇش كېرەك. شۇنداق ئوقۇغاندىلا ئاڭلىغۇچىنىڭ دىلىنى ئويغۇتىدۇ، جانلاندۇرىدۇ ۋە ئاڭلىغۇچىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ تەپەككۇرى چېچىلىپ كەتمەيدۇ. ئىمام بۇخارى مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**ئاللاتائالا بىر پەيغەمبەر ئۈچۈن قۇرئاننى چىرايلىق ئاھاڭدا، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن يېقىملىق قىلىپ ئوقۇشقا** بەرگەن ئىجازىتى دەرىجىسىدە باشقا ھېچقانداق نەرسىگە ئىجازەت بەرمىدى."

ئەگەر «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇغۇچى باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن بولۇپ قالىدۇ دەپ قارىسا ياكى كىشىلەرنى زېرىكتۈرۈپ قويۇشتىن ۋە ناماز ئوقۇغۇچىلارغا تەسىر يەتكۈزۈشتىن قورقسا، ئىچىدە يوشۇرۇن ئوقۇغىنى ئەۋزەلرەك.

10) «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇغاندا ئەڭ ياخشىسى قۇرئانغا قاراپ ئوقۇش لازىم. چۈنكى قاراپ ئوقۇغاندا توغرا، پىششىق ۋە تولۇق ئوقۇغىلى بولىدۇ. خاتالىشىش ئەھۋالى كۆرۈلمەيدۇ.

11) ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قىبلىگە يۈزلەنگەن ھالدا ئوقۇش كېرەك.

12) «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇۋاتقان ۋاقىتتا، باشقىلار گەپ قىلماسلىقى، ئۇنى ئاڭلىشى كېرەك. ئاللانىڭ ۋە ئۇنىڭ كالامىنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىشى لازىم. ئاللا 7-سۈرە «ئەئراف»نىڭ 204-ئايىتىدە مۇنداق دېگەن: "**ئاللانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، قۇرئان ئوقۇلغان چاغدا ئۇنى دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار ۋە جىم تۇرۇڭلار. (يەنى سۆز قىلماڭلار.**") ئەگەر قىلماقچى بولغان گەپ ياكى ئىشلار ناھايىتى مۇھىم بولسا، قۇرئان ئوقۇلۇش توختىلىشى لازىم.

13) «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇغۇچى كىيىمگە، بەدىنىگە ئىسپىرت ئارىلاشتۇرۇلغان ئەترە چاچماسلىقى كېرەك.

14) «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇۋاتقان قارىي ۋە ئاڭلىغۇچىلار يېتىۋالماسلىقى، پۇتىنى سۇنۇپ ئولتۇرماسلىقى كېرەك.

15) «قۇرئان كەرىم»گە قاراپ ئوقۇغان ھالدا پىيادە يول يۈرمەسلىك لازىم. ئەڭ ياخشىسى بىر جايدا جىم ئولتۇرۇپ ئوقۇش كېرەك. ئەگەر ئولتۇرۇش مۇمكىن بولمىسا ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇسىمۇ بولىدۇ.

(**ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇستازى؛ دەسلەپكى تەھرىرى: مۆھتەرەم ھاجى؛ ئاخىرقى تەھرىرى: شەمشىدىن ھاجى.**)

# «قۇرئان كەرىم» بىلەن "19"نىڭ مۇناسىۋەت سىرى توغرىسىدا

◆ ياسىن ئىبرىز ◆

هازىر جەمئىيەتتە «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەرنىڭ مۆجىزىلىرىگە دائىر نۇرغۇن خەۋەر-ئۇچۇرلار تارقىلىپ، بىز مۇسۇلمانلارغا خۇش خەۋەر يەتكۈزمەكتە. بۇلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى سۈپىتىدە «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئېلېكترونلۇق مېڭىدە تەتقىق قىلىنىشىنى كۆرسىتىدىغان «ئېلېكترونلۇق مېڭە ۋە ‹قۇرئان كەرىم›» دېگەن ماقالە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ 1993-يىللىق 3-سانىدا ئېلان قىلىندى. مەزكۇر ماقالىدە چەت ئەللىك بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ «قۇرئان كەرىم» نى ئېلېكترونلۇق مېڭىنىڭ سىفىرىگە تەرجىمە قىلىپ، ئېلېكترونلۇق مېڭىگە كىرگۈزگەنلىكى، نەتىجىدە، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان مۆجىزە-سىرلارنى بايقىغانلىقى ۋە شۇ ئارقىلىق «قۇرئان كەرىم» دەك مۇقەددەس كىتابنى يېزىپ چىقىش ئىنساننىڭ قولىدىن كەلمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىققانلىقى يېزىلغان، ئاخىرىدا: "‹19› دېگەن بۇ سانىنىڭ «قۇرئان كەرىم» بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بارلىقىغا ۋە ئۇنىڭ سەۋەبىگە ھېچكىم جاۋاب بېرەلىگىنى يوق" دەپ خۇلاسىلەنگەن. مەن مەكۇر ماقالەمدە «قۇرئان كەرىم» بىلەن "19"نىڭ مۇناسىۋىتى توغرۇلۇق قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

مەلۇمكى، «ئېلېكترونلۇق مېڭە ۋە ‹قۇرئان كەرىم›» ناملىق ماقالىدە كۆرسىتىلگەن مىساللارنىڭ ھەممىسى «قۇرئان كەرىم» دىكى "بسم الله الرحمن الرحيم" (بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم) دېگەن ئىبارە بىلەن، شۇنداقلا "19" دېگەن سان بىلەن مۇناسىۋەتلىك مىساللاردىن ئىبارەت. تۆۋەندە بۇلاردىن بىرنەچچىنى مىسال كەلتۈرىمەن:

1. «قۇرئان كەرىم» دىكى "بسم الله الرحمن الرحيم" (ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن) دېگەن ئىبارە تۆۋەندىكى 19 ئەرەبچە ھەرپتىن تەركىب تاپقان:

ب، س، م، ا، ل، ل، ھ، ا، ل، ر، ح، م، ن، ا، ل، ر، ح، ي، م.

2. پۈتۈن «قۇرئان كەرىم» جەمئىي 114 سۈرە، 114 بولسا 19نىڭ ئالتە ھەسسىسىگە تەڭ (19×6=114).

3. «قۇرئان كەرىم» نىڭ 114 سۈرىسى ئىچىدە 2-، 3-، 7-، 10-، 11-، 12-، 14-، 15-، 19-، 20-، 26-، 27-، 28-، 29-، 30-، 31-، 32-، 36-، 38-، 40-، 41-، 42-، 43-، 44-، 45-، 46-، 50-، 55-، 68-سۈرىدىن ئىبارەت 29 سۈرىنىڭ 1-ياكى 2-ئايەتلىرى يالغۇز ھەرپ بىلەن باشلانغان مەسىلەن، الم، الر، حم، ص قاتارلىقلار. بۇ ھەرپلەرنىڭ شۇ سۈرىلەردە تەكرار چىقىش سانىمۇ 19نىڭ ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ، بۇنىڭ توغرىلىقىغا قىل سىغمايدۇ، ھەرقانداق ئادەم دەلىللەپ كۆرسە بولىۋېرىدۇ. مەسىلەن، 50-سۈرە (سۈرە «قاف») نىڭ بىرىنچى ئايىتى «ق» (قاف) بىلەن باشلانغان. بۇ ھەرپ شۇ سۈرە

www.uyghurkitap.com

ئىچىدە جەمئىي 57 قېتىم تەكرارلانغان (3=57:19). بۇنداق مىساللار «قۇرئان كەرىم» دە كۆپ ئۇچرايدۇ («ئېلېكترونلۇق مېڭە ۋە ‹قۇرئان كەرىم›» دېگەن ماقالىدىن پايدىلىنىڭ).

بىز يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، ”19“ دېگەن بۇ سان «قۇرئان كەرىم» ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولۇپ، «قۇرئان كەرىم» بىلەن زىچ باغلىنىپ ئۇنىڭ بىر مۆجىزىسىگە ئايلانغان.

دىنىي مۆجىزىنى پەقەت دىنىي چۈشەنچە، نەزەرىيىلەر بىلەنلا تەھلىل قىلىپ بېقىشقا بولىدۇ. «قۇرئان كەرىم» دىكى مۆجىزاتلارنىمۇ «قۇرئان كەرىم»، ھەدىسلەر ئارقىلىق تەتقىق قىلىش كېرەك. نۇرغۇن مۆجىزاتلارنىڭ سىرىنى ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم» دە كۆرسىتىپ ئۆتكەن. شۇڭا بىز «قۇرئان كەرىم» دىكى ”19“نىڭ سىرىنى «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئۆزىدىن ئىزدىنىپ باقايلى:

74-سۈرە «مۇددەسسىر» نىڭ 30-، 31-ئايەتلىرىنى ئېلىپ كۆرۈپ ئۆتەيلى:

”ئۇنىڭغا (يەنى دوزاخقا) 19 پەرىشتە مۇئەككەلدۇر(30). بىز دوزاخ مۇئەككەللىرىنى پەقەت پەرىشتىلەردىن قىلدۇق، بىز ئۇلارنىڭ سانى بىلەن پەقەت كاپىرلارنى سىنىدۇق، تاكى ئەھلى كىتاب (ئۆزلىرىنىڭ ساماۋى كىتابلىرىدىكى بۇ سانىنى كۆرۈپ قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە) ئىمان ئېيتقاي، مۆمىنلەرنىڭ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرگەن خەۋىرىگە ئىشەنگەنلىكلىرىدىن ۋە ئەھلى كىتابنىڭ قۇرئان خەۋەرلىرىنىڭ تەۋرات، ئىنجىلدىكى خەۋەرلەرگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىدىن) ئىمانى كۈچەيگەي، ئەھلى كىتاب ۋە مۆمىنلەر (بۇنىڭدىن) شەكلەنمەيدۇ، دىللىرىدا كېسەل بارلار (يەنى مۇناپىقلار)، كاپىرلار: ’بۇ مىسالدىن ئاللا نېمىنى ئىرادە قىلىدۇ؟‘ دەيدۇ، ئاللا مۇشۇنداق خالىغان ئادەمنى گۇمراھ قىلىدۇ، خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ. پەرۋەردىگارىڭنىڭ قوشۇنىنى (يەنى پەرىشتىلەرنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكىنى، ئۇلارنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىنى ۋە ئۇلارنىڭ يارىتىلىشتىكى چوڭلۇقىنى) پەقەت ئۇ ئۆزى بىلىدۇ، بۇ (يەنى ئاللا بايان قىلغان دوزاخ) پەقەت ئىنسانلار ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەتتۇر“ (31).

مانا بۇ ئايەتلەردە ئاللاتائالا سەقەرگە (دوزاخقا) 19 پەرىشتىنىڭ مۇئەككەل ئىكەنلىكىنى، ”19“ دېگەن بۇ ساننىڭ پەقەت دىنسىزلار ئۈچۈن سىناق بولىدىغانلىقىنى، ئەھلى كىتابنىڭ قۇرئانغا ئىشىنىشىگە، مۆمىنلەرنىڭ ئىمانىنىڭ كۈچىيىشىگە سەۋەب بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

يۇقىرىقى ئايەتلەردىكى ”ئۇنىڭغا 19 پەرىشتە مۇئەككەلدۇر“، ”بىز ئۇلارنىڭ سانى بىلەن پەقەت كاپىرلانى سىنىدۇق، تاكى ئەھلى كىتاب ئىمان ئېيتقاي، مۆمىنلەرنىڭ ئىمانى كۈچەيگەي“ دېگەن مەزمۇنلار ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، بۇلار دەل بىز تەتقىق قىلماقچى بولغان «قۇرئان كەرىم» بىلەن ”19“ دېگەن ساننىڭ مۇناسىۋەت سىرىدۇر، يەنى بىز بۇلاردىن ئاللاتائالانىڭ ”19“ دېگەن بۇ سان (ئەسلىدە دوزاخ مۇئەككەللىرىنىڭ سانى) ئارقىلىق دىنسىزلارنى سىنىغانلىقىنى ھەمدە ئۇنى يەنە ئەھلى كىتابنى ئىمان ئېيتسۇن، مۆمىنلەرنىڭ ئىمانى كۈچەيسۇن دەپ «قۇرئان كەرىم» دىكى بىر سىر قىلغانلىقىنى چۈشىنىۋالالايمىز. چۈنكى:

بىرىنچىدىن، دۇنيادىكى ئىلىم-پەن ئارقىلىق يەشكىلى بولمايدىغان سىر-مۆجىزاتلارنى «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەرنىڭ روھى بويىچە چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. بۇ بىزنىڭ يۇقىرىقىدەك

چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولۇشىمىزغا، ئىلمىي تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىشىمىزغا، بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە يەكۈن چىقىرىشىمىزغا زۆرۈر ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىدۇ.

ئىككىنچىدىن، «قۇرئان كەرىم» ئۇلۇغ ئاللاتائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ مەنىسى چوڭقۇر، ھەتتا مۆجىزە دەرىجىسىگە يەتكەن. ئۇنىڭدىكى بىر سۆزنى ئۇنىڭ نازىل بولغان ۋاقتىدىكى ئەسلى مەنىسىدە چۈشىنىشكىمۇ، كېيىن شۇ خىلدىكى باشقا ئىشلارغا تەتبىقلاپ چۈشىنىشكىمۇ ھەم چۈشەندۈرۈشكىمۇ بولىدۇ. قىسقىسى، «قۇرئان كەرىم» سۆزلىرىنىڭ مەنىسى زامان-ماكان تاللىمايدۇ. بۇ قائىدە سۈرە «مۇددەسسىر» نىڭ 30-، 31-ئايەتلىرىنىڭ بىر تەرەپتىن، ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە، ئەبۇ جەھىل ۋە ئەبۇلئەسەد جۇمەھى قاتارلىقلارنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرىگە رەددىيە بېرىش، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش يۈزىسىدىن نازىل بولغانلىقىنى، يەنە بىر تەرەپتىن، كېيىنكى دەۋرلەردە (مەسىلەن، ھازىرقى دەۋردە) «قۇرئان كەرىم» نىڭ مۆجىزىسىگە ئايلىنىپ، ئۇنىڭدەك كىتابنى يېزىش ئىنسانىيەتنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ، ئەھلى كىتابنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا، مۆمىنلەرنىڭ ئىمانىنىڭ كۈچىيىشىگە سەۋەب بولۇش يۈزىسىدىن نازىل بولغانلىقىنى بايقىۋېلىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ھازىرقى دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان ئەھلى كىتابنىڭ «قۇرئان كەرىم» دىكى “19” ساندىن ئىبارەت بۇ سىر ئېلېكترونلۇق مېڭە ئارقىلىق بايقالغاندىن كېيىن ئىسلامنى قوبۇل قىلغانلىقى ۋە قىلىۋاتقانلىقى، بۇ سىرنى ئاڭلىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادىنىڭ كۈچەيگەنلىكى ۋە كۈچىيىۋاتقانلىقى يۇقىرىقى ئايەتلەر مەزمۇنىدىكى “19” ساننىڭ «قۇرئان كەرىم» نىڭ سىرلىق خۇسۇسىيىتىگە قارىتىلغانلىقىنى ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئەگەر مەزكۇر سۈرىدىكى 30-، 31-ئايەتلەردە ئاللاتائالا مەخسۇس دوزاخ مۇئەككەللىرىنىڭ سانىنى ئېيتىپ، مۇشۇ سان بىلەن قورقۇتۇش ئارقىلىق ئەھلى كىتابنى ئىمان ئېيتقۇزماقچى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتمەكچى دېمەكلىك بىلەنلا چەكلىنىپ قالساق، بۇ “19” ساننىڭ دىنسىزلارنى ھەددىدىن زىيادە قورقۇتقۇدەك كۆپ سان ئەمەسلىكىگە، شۇنداقتىمۇ ھازىرقى دۇنيادىكى ئەھلى كىتابنىڭ “19” ساننىڭ سىرلىق تەسىرىدىن قورقۇپ ئىمان ئېيتىۋاتقانلىق، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانى كۈچىيىۋاتقانلىق ئەمەلىيىتىگە كۆز يۇمغان بولىمىز.

دېمەك، چەت ئەللىك تەتقىقاتچىلارنىڭ «قۇرئان كەرىم» نى ئېلېكترونلۇق مېڭە ئارقىلىق تەتقىق قىلىپ بايقىغان “19” سانىغا دائىر سىرلار توغرىسىدىكى مەلۇماتى سۈرە «مۇددەسسىر» نىڭ ئىچىدە ئەسكەرتىلگەن بولۇپ، ئاللاتائالانىڭ «قۇرئان كەرىم» نى بۇ “19” سانىغا ئائىت سىرلارغا ئىگە قىلىشى قۇرئاننىڭ ئىنسان سۆزى ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ، ئەھلى كىتابنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا، مۇسۇلمانلار ئىمانىنىڭ كۈچىيىشىگە تۈرتكە بولۇش ئۈچۈندۇر. شۇڭلاشقا بۈگۈنكى دەۋر دىنسىزلارغا سىناق بولىدىغان، ئىسلام نۇرى تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ دىلىنى يورۇتىدىغان دەۋردۇر.

(ئاپتور: توقسۇ ناھىيە يۇلتۇزباغ ئوتتۇرا مەكتەپتىن؛ دەسلەپكى تەھرىرى: مۆھتەرەم ھاجى؛ ئاخىرقى تەھرىرى: شەمشىدىن ھاجى.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەش ھەققىدە

◀ ئېلى قارىي ھاجى

ئاللاتائالا 66-سۈرە «تەھرىم»، 6-ئايەتتە مۇنداق دېگەن: "**ئى مۆمىنلەر! ئۆزەڭلارنى ۋە بالا-چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار**". ئېنىقكى، ئاتا-ئانىلارنىڭ ئاللا ئالدىدا پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەش مەسئۇلىيىتى بار. ئەگەر ئاتا-ئانىلارنىڭ پەرزەنت تەربىيىلىشى ياخشى بولسا، ئىككىلا تەرەپ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نىجات تاپىدۇ، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، پەرزەنتلەر شەقى بولىدۇ، ئاتا-ئانىلارنىڭ بويىنىغا گۇناھ يۈكلىنىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "**ھەممىڭلارنىڭ مەسئۇلىيىتى بار، ئاتا-ئانىلارمۇ ئۆز پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەش مەسئۇلىيىتىگە تارتىلىدۇ**" دېگەن، يەنە "**ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن مۇتلەق دۇنيادىكى قىلىدىغان ئەمەلى توگەيدۇ. لېكىن ئۈچ خىل كىشىنىڭ ئەمەلى داۋاملىق ساقلىنىپ قالىدۇ. بۇنىڭ ئۈچىنچى خىلى پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيىلەپ، ياخشى ئەۋلاد قالدۇرغان كىشىدۇر**" دېگەن.

پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيىلەشنى ئىرادە قىلغان ئاتا-ئانىلار ئاۋۋال ئۆزىنى تۈزىتىشى، يامان ئادەت ۋە يامان قىلىقتىن ساقلىنىشى، زامانغا ۋە مۇسۇلمانلىققا لايىق ئادەم بولۇشى كېرەك، شۇنداق بولغاندىلا، ئاتا-ئانىنىڭ پەرزەنتلەرگە بولغان تەربىيىسى سىڭىدۇ، ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇلارنىڭ تەربىيە-نەسىھەتلىرى پەرزەنتلىرىگە كار قىلمايدۇ، شۇڭا ئاللاتائالا 2-سۈرە «بەقەرە»نىڭ 44-ئايىتىدە: "**كىشىلەرنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ ئۆزەڭلارنى ئۇنتۇمسىلەر؟**" دېگەن.

پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەشتە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم:

بىرىنچى، پەرزەنتلەرنى كىچىكىدىن تارتىپ مۇۋاپىق مۇئامىلە بىلەن تەربىيىلەش، ئۇلارنى بىھۇدە گەپلەر بىلەن ئەكىلەتمەسلىك ياكى قوپاللىق بىلەن ئۇرۇپ-تىللاپ قورقۇتماسلىق، ئۇلارنى كىچىكىدىن دۇرۇس ئادەم بولۇشقا، راست گەپ قىلىدىغان، يۇمشاق-سىلىق گەپ قىلىدىغان بولۇشقا يېتەكلەش لازىم.

ئىككىنچى، پەرزەنتلەرگە ھارام ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەققىدە تەربىيە قىلىش، ئۇلاردا ھەققانىيەت ۋە ۋىجدان تۇيغۇسىنى كىچىكىدىن تارتىپ يېتىلدۈرۈش لازىم.

ئۈچىنچىدىن، پەرزەنتلەرنى ھەقلىق ھالدا ئىسلام ئەدەب-ئەخلاقى بىلەن تەربىيىلەشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم:

1. پەرزەنتلەرگە ھەرقانداق ئىشنى "بىسمىللا" بىلەن باشلاشنى ھەم ئوڭ تەرەپتىن باشلاشنى، تاماقنى مۇمكىنقەدەر ئوڭ قولدا يېيىشنى تەۋسىيە قىلىش كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ھەر ئىشنى ئوڭدىن باشلاشنى ياخشى كۆرەتتى.

2. پەرزەنتلەرنى پاكىز بولۇشقا تەرغىب قىلىش لازىم. مەسىلەن، ئۇلارنى تىرناق ئېلىشقا، قولتۇقنىڭ موينى، ئەۋرەت تۈكىنى ئېلىشقا، بۇرۇتنى ئېلىشقا، بەدەننى يۇيۇپ تۇرۇشقا، بەدەننى ۋە كىيىم-كېچەكنى پاكىز تۇتۇشقا بۇيرۇش لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام "**پاكىزلىق ئىماننىڭ جۈملىسىدىن**" دېگەنىدى ھەم يەنە "**ئىسلام دىنىنىڭ نىشانىسى بەش تۈر: 1) خەتنە قىلىش؛ 2) ئەۋرەتنىڭ موينى ئېلىش؛ 3) بۇرۇتنى ئېلىش؛ 4) تىرناقنى ئېلىش؛ 5) قولتۇقنىڭ موينى ئېلىش**" دېگەنىدى.

3. پەرزەنتلەرگە يەنە كىشىلەر ماڭىدىغان يوللارغا چوڭ-كىچىك تاھارەت قىلماسلىق، يوللارغا ئەخلەت تۆكمەسلىك ھەم كېرەكسىز نەرسىلەرنى تاشلىماسلىق، يولدا پۇتلىشىدىغان نەرسە بولسا ئېلىۋېتىش، كىشىلەر سايىدايدىغان يەرگە ۋە ئېقىن سۇغا چوڭ-كىچىك تاھارەت قىلماسلىق، قىسقىسى، ئومۇمغا زىيانلىق ئىشنى زادى قىلماسلىق توغرىسىدا كىچىكىدىن تەربىيە بېرىش لازىم.

4. پەرزەنتلەرنى ئەخلاقسىز باللار بىلەن ئارىلىشىپ قېلىشتىن توسۇش كېرەك.

5. پەرزەنتلەرگە كىيىم-كېچەكنى لايىقىدا كىيىش توغرۇلۇق تەربىيە قىلىش لازىم. بولۇپمۇ قىزلارغا مىللىي ئۆرپ-ئادەت يوسۇنىدا كىيىنىش، ئوغۇللارغا مۇناسىپ كىيىملەرنى كىيمەسلىك ھەم ئوغۇل بالىچە ياسىنىۋالماسلىق، ئوغۇللارغا بولسا، قىزلارغا مۇناسىپ كىيىملەرنى كىيمەسلىك توغرىسىدا تەربىيە قىلىش كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **"كىمكى ئۆزىنى (يىمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك ۋە باشقا جەھەتلەردە بولسۇن) باشقا مىللەتكە ئوخشىتىپ، ئۇلارنىڭ ئادەتلىرىنى دورىسا، شۇ مىللەتنىڭ جۈملىسىدىن بولىدۇ"** دېگەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ئاياللارچە كىيىنگەن ئەرلەرگە، ئەرلەرچە كىيىنگەن ئاياللارغا لەنەت ئوقۇغان.

6. پەرزەنتلەرگە ھارام مالنى مەسلەن، پارا، خىيانەت، جازانە، ئوغرىلىق قاتارلىق ھارام يول ياكى ۋاستە بىلەن كەلگەن ماللارنى يېگۈزمەسلىك لازىم. مۇبادا مۇنداق بولۇپ قالسا، ئاتا-ئانا ۋە پەرزەنتنىڭ ھەر ئىككىسىگە ياخشى بولمايدۇ. ھارام مال يېيىش پەرزەنتلەرنىڭ شەقى بولۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئاللاتائالا 4-سۈرە «نىسا» نىڭ 29-ئايىتىدە: **"ئى مۆمىنلەر! بىر-بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى (ئوغرىلىق، خىيانەت قىلىش، بۇلاش، جازانىخورلۇق، قىمار ئويناش قاتارلىق) ناھەق يول بىلەن يەۋالماڭلار"** دېگەنىدى.

7. پەرزەنتلەرنى تاماكىدىن، ھاراقتىن، زەھەرلىك چېكىملىكتىن ئىزچىل توسۇش، ئۇلارغا ھەرقانداق يامان كەيپ-خۇمارنىڭ بەدەن ۋە روھقا ئىنتايىن زىيانلىق ئىكەنلىكىنى كىچىكىدىنلا بىلدۈرۈش، چۈشەندۈرۈش، ئەڭ مۇھىمى، ئاتا-ئانا بولغۇچى ئۆزى مۇنداق يامان ئىشلاردىن ئاۋۋال ئۆزىنى تارتىشى كېرەك.

8. پەرزەنتلەرگە سالام قىلىشنى ئۆگىتىش كېرەك. پەرزەنتلەرنى چوڭ-كىچىك، تونۇش-ناتونۇش كىشىلەرگە سالام قىلىشقا، باشقىلارنىڭ ئۆيىگە سالام قىلىپ كىرىشكە ئۆگىتىش زۆرۈر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بەزىلەر قايسى خىل مۇسۇلمان ئەڭ ياخشى دەپ سورىغاندا، پەيغەمبىرىمىز: **"ئاچقا تائام بەرگەن، تونۇغان-تونۇمىغان ئادەمگە سالام قىلغان كىشى"** دەپ جاۋاب بەرگەن.

9. پەرزەنتلەرگە باشقا كىشىلەرنىڭ ئائىلىسىگە رۇخسەتسىز كىرمەسلىككە ھەم ئۆز ئائىلىسىدىكى ئاتا-ئانىسى بار ئۆيگە تۇيۇقسىز كىرمەسلىككە تەۋسىيە قىلىش كېرەك. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: **"ئى مۆمىنلەر! باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە (كىرىشكە) ئىجازەت سورىمىغىچە ۋە ئۆي ئىگىسىگە سالام بەرمىگىچە كىرمەڭلار"** (24-سۈرە «نۇر»، 27-ئايەت).

10. پەرزەنتلەرنى ئۇرۇق-تۇغقان، قولۇم-قوشنا ۋە دوست-بۇرادەرلىرىگە ياخشىلىق قىلىشقا، ئۇلارغا ئازار بەرمەسلىككە، ئۆزىدىن باشقىلارنى ھۆرمەتلەشكە، قولىدىن كەلسىلا ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، بۇ جەھەتتە يەنە ئاتا-ئانا بولغۇچى ئۆزى ئۈلگە بولۇشى كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **"كىمكى ئاللاغا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشەنسە، قوشنىسىغا ئازار بەرمىسۇن، مېھمىنىنى ئىززەت قىلسۇن، ياخشى گەپ قىلسۇن ياكى شۈك تۇرسۇن"** دېگەنىدى.

ھۆرمەتلىك ئاتا-ئانىلار! پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەش يۈزىسىدىن بولسۇن ياكى باشقا جەھەتتىن بولسۇن، ئۇلاردىن رەنجىگىدەك بىرەر ئىشقا دۇچ كېلىپ قالساق، ناھايىتى چوڭ سەۋر قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، ئۇلارغا بەددۇئا قىلىشقا بولمايدۇ، ئاللاتائالادىن ئۇلار ھەققىدە ئىنساپ-تەۋپىق تىلەش لازىم. پەيغەمبىرىمىز: **"ئاتا-ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە قىلغان دۇئاسى تېز ئىجابەت بولىدۇ"** دېگەن. ئەگەر ئاتا-ئانىلارنىڭ بەددۇئاسى ئىجابەت بولۇپ قالسا، ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ. ئاللاتائالا بارلىقىمىزنىڭ پەرزەنتلىرىگە ھىدايەت، ياخشى پەزىلەت ۋە خىسلەت ئاتا قىلغاي! ئۇلارغا بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىق ئاتا قىلغاي، ئامىن!

**(ئاپتور: قىزىلسۇ ئىسلام دىنى مەكتىپى ئۇستازى؛ ماقالىنى رەتلىگۈچى: ئەنۋەر مۇھەممەت؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى.)**

ئويغۇر كىتاب تور بېكىتى uyghurkitap.com

# مۇسۇلمانلار پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيلىشى لازىم

ئۆمەرجان مۇھەممەت

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ھەممىگە مەلۇمكى، ئىنسان تەن(بەدەن) بىلەن روھ(جان) دىن تەركىب تاپقان مەخلۇق. روھ بولمىغان بەدەن بەجايىكى بىر قۇرۇق جاھازدۇر. ئەقىدە بولسا ئىنسان روھىيىتىنىڭ تۈۋرۈكى، ئىنسان ئىچكىنىڭ جەۋھىرى ھېسابلىنىدۇ. ئەقىدىسىز روھ ئەمەلىيەتتە چاھارپاي روھتۇر. مۇنداقچە ئېيتقاندا، پەقەت ئەقىدىلىك ئىنسانلا مەخلۇقاتلار سېپىدىن ئايرىلىپ چىققان ھەقىقىي ئىنساندۇر. پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيلەپ، يارامىلىق ئادەم قىلىش ئەنە شۇ ئىنسانلارنىڭ بۈيۈك مەجبۇرىيەتلىرىدىن بىرىدۇر. بۇ ھەقتە ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېگەن: **"ئى مۆمىنلەر! ئۆزەڭلارنى ۋە بالا-چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار"** (66-سۈرە «تەھرىم»، 6-ئايەت). بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىدىن بىز، ئىنسانلار يېقىلغۇ قىلىنىپ كۆيدۈرۈلىدىغان ئوتتىن چوقۇم ئۆزىمىزنى، ئاندىن بالا-چاقىلىرىمىزنى قۇتقۇلدۇرۇشىمىزنىڭ نەقەدەر زۆرۈرلۈكىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ ئايەتتە ئېيتىلغان "ئۆزەڭلارنى ۋە بالا-چاقاڭلارنى" دېگەن سۆز ناھايىتى كەڭ مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. "ئۆزىنىڭ" دېگەن سۆز قارىماققا بىر كىشى مەقسەت قىلىنغاندەك تۇرغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۆز خەلقىنىڭ، ئۆز مىللىتىنىڭ، ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ، ئۆز ۋەتىنىنىڭ، ئۆز يۇرتىنىڭ...، دېگەندەك مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ "بالا-چاقا" دېگەن سۆز ئۆزىمىزنىڭ بىر ياكى بىر قانچە پەرزەنتىنىلا ئەمەس، بەلكى ئۇرۇق-تۇغقان، قولۇم-قوشنىلارنىڭ، ئۆز خەلقىنىڭ، ئۆز مىللىتىنىڭ، بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ... پەرزەنتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا، ھەربىر مۇسۇلمان ئاللاتائالا مەجبۇرىيەت قىلىپ بېكىتكەن شۇ پەرزلەرنى (يەنى ئۆزىنى) ۋە پەرزەنتلىرىنى ئىمان، ئەخلاق بىلەن تەربىيلەشنى ئورۇنلىيالىدىمۇ، يوق؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىنىشى كېرەك.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ئاۋۋال ئۆزەڭنى تۈزەت، ئاندىن باشقىلارغا نەسىھەت قىل."** بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنىدىن مەلۇمكى، ھەرقانداق كىشى باشقىلارغا نەسىھەت قىلىش، باشقىلارنى ياخشى يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن چوقۇم ئۆزىدە ئۇلارغا ئۈلگە بولالىغۇدەك ئالاھىدىلىكنى ھازىرلىيالىشى، ئۆزىدە ئالاھىدە بىر خىل مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى بەرپا قىلىشى كېرەك، جۈملىدىن ئاتا-ئانىلارمۇ بالىلارغا نەسىھەت قىلىش ۋە ئۇلارنى يېتەكلەش ئۈچۈن ئۆزلىرىدە بالىلارغا نەمۇنە بولالايدىغان خىسلەتلەرنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسىنى بەلگىلەپ مۇنداق دېگەن: **"سىلەردىن ھەربىر كىشى پادا باققۇچىغا ئوخشايدۇ، ئۇ پادىچى ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى پادىلىرىدىن جاۋابكار بولغىنىدەك، سىلەرمۇ ئۆز مەسئۇلىيەت دائىرەڭلاردىن جاۋابكار. ئاتا-ئانىلاردا بولسا، ئۆزىنىڭ بالا-چاقا ۋە ئائىلە تۇرمۇشىنى ياخشى،**

**پاراۋان قىلىش مەسئۇلىيىتى بار.»** شۇنداق بولغانىكەن، ھەرقانداق كىشى، بولۇپمۇ ئاتا-ئانا بولغۇچى ئۆزىنىڭ ئەقلىي ۋە جىسمانىي ئىقتىداردىن مۇمكىنقەدەر تولۇق پايدىلىنىپ، ئائىلە تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ۋە گۈللەندۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيىلەشكىمۇ چوڭقۇر ئەھمىيەت بېرىشى لازىم، يەنى ئۇلارغا ئېتىقاد ۋە ئىلىم-پەننى سۆيىدىغان تۇيغۇنى كىچىكىدىن باشلاپلا سىڭدۈرۈشى، ئۆز ۋەتىنى، مىللىتى شۇنداقلا ئۆز بەختى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ھەم تۆھپە يارىتىش ئېڭى ۋە ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش ھەققىدە ئۇلارغا بوشاشماي تەربىيە قىلىشى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ياخشىسى ئۆزلىرى ئالدى بىلەن ئۇلارغا ئۈلگە بولۇشى لازىم، بۇ ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ھەم باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتىدۇر.

ئەجدادلىرىمىز ئىچىدىن چىققان مەھمۇت قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاتارلىق كۆپلىگەن گىگانت ئالىملىرىمىز، مۇتەپەككۇرلىرىمىز ۋە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بارلىققا كەلگەن كۇرەش ئىبراھىم، خالمۇرات غوپۇر، تاشپولات تېيىپ، لىتىپ توختى... قاتارلىق ياش ئالىملىرىمىزنىڭ تۇغۇلۇشىدىنلا ياخشى يېتىلىپ، كىچىكىدىنلا تىرىشىپ، ئاخىر كاتتا ئالىملاردىن ھەم خەلققە تۆھپە قوشالايدىغان يارامىلىق ئادەملەردىن بولۇشىنى ئائىلە تەربىيىسىدىن ھەرگىز ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئەنە شۇنداق ئۇلۇغ ئەزىمەتلەرنى بېقىپ، تەربىيىلەپ، ئۇلۇغ ئادەملەر قاتارىغا قوشقان ئاتا-ئانىلارنىڭ تۆھپىسى مەڭگۈ قەدىرلىنىدۇ.

كونكرېت ئېيتساق، ھەرقانداق ئاتا-ئانا ئۆزلىرىنىڭ پەرزەنتلىرى ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئىنتايىن مۇھىم بىلىشى، پەرزەنتلىرىنىڭ ياخشى ئۆسۈپ يېتىلىشىگە شەرت-شارائىت ھازىرلاپ بېرىشى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ تىرىكچىلىك ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ ئائىلە ئىقتىسادىنى ياخشىلىشى، ئائىلە ئەخلاقىغا رىئايە قىلىپ، ئائىلە تۇرمۇشىنى ئىناق، كۆڭۈللۈك قىلىشى، بالىلىرى ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە، ئۇلارنى چوقۇم ئوقۇتۇشى، بالىلىرىنىڭ ئۆگىنىش ئەھۋالىغا شۇنداقلا ئۇلارنىڭ خاراكتېرى، ئەقلىي ئىقتىدارى، قىزىقىشى ۋە ئادەتتىكى يۈرۈش-تۇرۇشلىرىغا ئىنچىكە كۆڭۈل بۆلۈشى، قىسقىسى، ئۇلارنىڭ كىچىكىدىنلا كامالەت مەنزىلىگە يېتىشكە ھەر جەھەتتىن تۈرتكە بولۇشى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزلىرى چوقۇم نەمۇنىلىك، يېتەكچىلىك رولىنى ئوينىشى لازىم.

بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىمىزنى ۋە پەرزەنتلىرىمىزنى ئىلىم-پەن ۋە ئەدەب-ئەخلاق بىلەن تەربىيىلىشىمىز توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«ئىلىم ئېلىش بۆشۈكتىن لەھەتكىچە بولۇر»، «مەن دۇنياغا گۈزەل ئەخلاقلارنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم.»** بۇ ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنىدىن بىز ئىلىم-پەن ۋە ئەدەب-ئەخلاقنىڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئوخشاشلا مۇھىم ئىكەنلىكىنى، پەرزەنتلەرنىمۇ ئىلىم بىلەن قوراللاندۇرۇش ۋە ئەدەب-ئەخلاق بىلەن زىننەتلەشنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

بىلىشىمىز كېرەككى، بىز بۇ دۇنياغا بىر مېھمان، دۇنيا بولسا بىز ئۈچۈن بىر قونالغۇ ۋە بىر ساھىپخان. يەنە بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ئىنسانىيەت 21-ئەسىرگە قەدەم قويىدۇ. شۇ تاپتا دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ ساپاسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ يېڭى ئەسىردىكى تارىخىي ئورنى ۋە ئىناۋىتىنى (تەرەققىيات ئارقىلىق) تۇرغۇزۇش توغرىسىدا جىددىي ۋە ئەمەلىي پىلان سوقماقتا. مەملىكىتىمىز ئىسلاھات دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن بېرى، بىر قىسىم ياش ئالىملىرىمىز

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كەينى-كەيندىن يېتىشىپ چىقىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ سانى بارماق بىلەن سانىۋالغۇدەكلا ئاز، مىللىتىمىز يەنە ئاشۇنداق ئەزىمەتلەرگە ھەم شۇ ئەزىمەتلەرنىڭ روھىدىن ئۆگىنىپ، ئۇلارنىڭ ئىزىنى باسالايدىغان ئەۋلادلارغا، يەنىمۇ مۇھىمراقى، شۇنداق ئەۋلادلارنى تەربىيىلەيدىغان ئاتا-ئانىلارغا موھتاج.

پاكىت شۇنداقكى، ساپاسىز ئاتا-ئانىلاردىن، كۆپ ھاللاردا، ساپاسىز پەرزەنت چىقىدۇ، ئەگەر بىز مۇسۇلمانلار ئېتىقاد ۋە ئىلىم-پەننىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئۆزىمىزنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرمەيدىكەنمىز، پەرزەنتلىرىمىزنىمۇ ياخشى تەربىيىلىيەلمەي قالىمىز. شۇڭا بىز چوقۇم ھوشىمىزنى يىغىپ، قۇرئان-ھەدىسلەر بويىچە ئىش كۆرۈپ، ئۆزلۈك كامالىتىگە ھەم پەرزەنت تەربىيىسىگە ئەھمىيەت بېرىپ، يېڭى دەۋرگە ماس ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە ئائىلە مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىپ، رىقابەتكە تولغان جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي يۈزلىنىشى ۋە ئىسلام دىنىمىزنىڭ ئاساسىي ئۆلچىمى بويىچە ئالغا ئىلگىرىلەپ، تەرەققىيات، ئۈچۈر دەۋرگە مۇناسىپ مۇسۇلمانلاردىن بولۇشقا، ئەۋلادلارنىمۇ شۇنداق تەربىيىلەشكە تىرىشىشىمىز، ئىككىلا ئالەمدە ئاللاتائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشەلەيدىغان بەندىلەردىن بولۇشىمىز لازىم.

ئەگەر بىز مۇسۇلمانلار ئويغۇمىزنى يەنىمۇ ئېچىپ، ئىلىم-پەن ۋە ئېتىقادنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئالغا ئىلگىرىلىمىسەك، ئۆزىمىز تىرىشمىساق ئارقىدا قالغىنىمىز قالغان، ھەتتا ئاللاتائالامۇ بىزنىڭ قولىمىزدىن تۇتۇپ، بۇ نادانلىق ۋە قالاقلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالمايدۇ. ئاللاتائالانىڭ قانۇنىيىتى شۇكى، مەيلى ئۇ قانداق قەۋم، قايسى مىللەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەگەر ئۇ مەنىمۇ گۈللىنەي، تەرەققىي قىلىپ باشقىلار قاتارىدا يۈكسەك مەدەنىي ھايات باياشاتلىقىنىڭ پەيزىنى سۈرەي، دەيدىكەن، ئۇ ئالدى بىلەن ئۆز ئىچىدا ئۆز خەلقى، ۋەتىنى، مىللىتى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈشى كېرەك. كىمكى ئۆزىدە مۇشۇنداق مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنى ئاساسىي مىزان قىلىدىكەن، ئۇ چاغدا چوقۇم ئۇ ئاللاتائالا بۇيرۇغان ئىشلارنى ئىجرا قىلىپ، چەكلىگەن ئىشلاردىن يەلتۆكۈس قول ئۈزەلەيدۇ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ھوقۇق-مەجبۇرىيىتىنى تونۇپ يېتەلەيدۇ ۋە ئۇنى ئەمەلدە كۆرسىتەلەيدۇ. ھەر دائىم ئاللاتائالانىڭ كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ئەسلەپ، ناچار ئىللەت، يامان كەيپىياتلاردىن ساقلىنالايدۇ. ئىتتىپاقسىزلىق، بىلىمسىزلىك، نادانلىقنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ماسلىشىپ مېڭىشتا زور سەلبىي تەسىرى بار ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ. شۇڭا بىز مۇسۇلمانلار دەۋر ئېقىمىغا يېقىندىن ماسلىشىپ، قۇرئان-كىتابلار بويىچە ئىش كۆرۈپ، يېڭى تېپتىكى دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە ئائىلە مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، شەخسلىك ئەخلاق-پەزىلىتىمىزنى قېلىپلاشتۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدەك گۈزەل ئەخلاقنى ئۇنىۋېرسال تەشەببۇس قىلىپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسلىق يۈزلىنىشى، ئىسلام دىنىمىزنىڭ ئاساسلىق ئۆلچىمى بويىچە ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئىلىم-مەرىپەت بىلەن گۈللىنىۋاتقان ھازىرقى تەرەققىيات ۋە ئۈچۈر رىقابەت دەۋرگە مۇناسىپ ئىش قىلىپ، ئىككىلا ئالەمدە ئاللاتائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشنى مەقسەت قىلىپ، ھارماي-تالماي تىرىشىشىمىز لازىم. مۇشۇنداق مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بولغاندىلا، كېيىنكى ئەۋلادلار تەربىيىسىنى ياخشى ئېلىپ بارالايمىز.

ئاللاتائالا ھەممىمىزگە تەۋرەنمەس ئېتىقاد، بۈيۈك ئىرادە ئاتا قىلسۇن، ئامىن!

**(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ سابىق تالىپى؛ ماقالىنى رەتلىگۈچى: ئەنۋەر مۇھەممەت؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى.)**

# ئىمام بۇخارى ۋە ئۇنىڭ مەشھۇر ھەدىس كىتابى — «سەھىھۇلبۇخارى» توغرىسىدا

شىھابىدىن ئابدۇلئەھەت

ئىمام بۇخارى — ئەبۇ ئابدۇللا مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل ئىبنى ئىبراھىم بۇخارى مەشھۇر مۇھەددىس (ھەدىسشۇناس)، تارىخچى ئالىم. ئۇ مىلادى 810-يىلى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۇخارا شەھىرىدە بىر مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئىمام بۇخارىنىڭ بوۋىسى مۇغىيرە ئەسلىدە بىر مەجۇسى (ئاتەشپەرەس) ئىدى. ئۇ شۇ دەۋردىكى بۇخارانىڭ ۋالىيسى ئىبنى يەمانى جۇئفىنىڭ تۈرتكىسىدە ئىسلام دىنىغا كىرگەن. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئىمام بۇخارى ”جۇئفى“ دەپ ئاتالغان. ئۇ بۇخارادا تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلىكى ئۈچۈن بۇخاراغا نىسبەت بېرىلىپ ”بۇخارى“ دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ دادىسى ئىسمائىل دېگەن كىشى ئۆز دەۋرىنىڭ نوپۇزلۇق مۇھەددىسلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، سۈننىي مەزھەپتىكى مەشھۇر تۆت فىقھى مەزھەپنىڭ بىرى—”مالىكىيە“ مەزھەپىنىڭ ئاساسچىسى ئىمام مالىكتىن ئىلمى ھەدىس ئۆگەنگەن ۋە ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر ئالىمى ئىبنى مۇبارەك بىلەن ئىلمىي سۆھبەتلەردە بولغان. لېكىن بۇخارى كىچىك چېغىدىلا دادىسىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدە بولغان. ئۇنىڭ ئانىسى ناھايىتى دىيانەتلىك، تەقۋادار ئايال بولۇپ، ئۇنى كىچىكىدىن تارتىپلا ناھايىتى ياخشى تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەچكە، ئۇ ئون ياشقا توشا-توشمايلا پۈتۈن «قۇرئان كەرىم»نى ۋە ھەدىستىن 70 مىڭنى يادقا ئېلىپ بولغان. 16-يېشىدا ۋەكىئى ۋە ئىبنى مۇبارەك قاتارلىق ئالىملارنىڭ كىتابلىرىنى يادقا ئۆگىنىپ بولغان.

ئىمام بۇخارى ناھايىتى تەقۋادار، جەسۇر، مەرد، ھىممەتلىك كىشى ئىدى. كۆپ ئىستىقامەت قىلاتتى، قۇرئان ئوقۇشقا شۇنچىلىك ھېرىسمەن ئىدىكى، رامىزان ئايلىرىدا «قۇرئان كەرىم»نى ھەر كۈنى بىر نۆۋەت ئۆتكۈزەتتى. دادىسىدىن قالغان مال-مۈلۈكلىرىنى تالىبۇلئىلىملەرگە (ئىلىم ئۆگىنىۋاتقان تالىپلارغا) نەپىقە قىلاتتى. ئۇ ئاتىسىدىن كىچىك قالغاچقا، تۇنجى ئىلمىي سەپىرىنى مۇقەددەس سەپەر—ھەج سەپىرى بىلەن باشلىغان. ھەجدىن كېيىن مەككىدە قېپقېلىپ، بىر مەزگىل ئىلىم تەھسىل قىلغان ھەمدە خۇراسان، ھىجاز، مىسىر، شام (سۈرىيە) قاتارلىق ئىلىم-مەرىپەت مەركەزلىرىگە بېرىپ، ئۇ يەرلەرنىڭ مەشھۇر ئالىملىرىدىن نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەرنى ئۆگەنگەن. ئاندىن مەدىنىگە كېلىپ «ئەتتارىخۇلكەبىر» ناملىق كىتابنى يېزىپ پۈتتۈرگەن. ئۇ ھاياتىدا باغداتقا سەككىز قېتىم بېرىپ ئىلمىي تەكشۈرۈشلەردە بولغان. بۇ جەرياندا، ئىمام ئەھمەد (ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل—سۈننىي مەزھەپتىكى مەشھۇر تۆت مەزھەپنىڭ بىرى—”ھەنەلبىيە“ مەزھەپىنىڭ ئاساسچىسى) بىلەن كۆپ قېتىم ئۇچرىشىپ، ئىلمىي سۆھبەتلەردە بولغان ۋە ئۇنىڭدىن تەلىم ئالغان. ئۇ ئاشۇنداق خاسىيەتلىك سەپەرلىرى جەريانىدا، جەمئىي 1080 ئالىمدىن ھەدىس ئاڭلاپ خاتىرە قالدۇرغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىسى تابىئىن (مۇسۇلمان ھالەتتە ساھابى بىلەن بىۋاستە ئۇچراشقان ھەمدە مۇسۇلمان ھالەتتە ۋاپات بولغان كىشى)، بەزىسى تەبئىتابىئىن (مۇسۇلمان ھالەتتە تابىئىن بىلەن ئۇچراشقان ھەمدە مۇسۇلمان ھالەتتە ۋاپات بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىشى) ئىدى. ئۇنىڭدىن 70 مىڭ ئادەم ئۇنىڭ «سەھىھۇلبۇخارى» ناملىق بۇ مەشھۇر ھەدىس كىتابىنى دەرس قىلىپ ئاڭلىغان بولۇپ، مۇھەممەد ئىبنى ئىيسا تىرمىزى، ئەھمەد ئىبنى ئەلى ئىبنى شۇئەيب نەسەئى، مۇسلىم ئىبنى ھەججاج، ئىبنى خۇزەيمە ۋە ئەبۇ زۇرئە قاتارلىق ئالىملار ئۇنىڭ چوڭ شاگىرتلىرىدىن ئىدى. ئىمام بۇخارىنىڭ ئاشۇنداق ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئىجتىھادلىق، سەمەرىلىك ئىلمىي سەپەرلىرى ئۇنىڭ ئۇستاز-شاگىرتلىرىنىڭ شۇنچە كۆپ بولۇشىنىڭ ئاساسى سەۋەبىدۇر.

ئىمام بۇخارىنى ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتىنىڭ ئاجايىپ يۇقىرىلىقى بىلەن ئۆز دەۋرىنىڭ تەڭداشسىز ئالىمى دەپلا قالماستىن، بەلكى ئاللاتائالانىڭ يەر شارىدىكى دەرىجىدىن تاشقىرى مۆجىزىلىرىنىڭ بىرى دېيىش مۇمكىن. چۈنكى، ئۇ جەمئىي 600 مىڭ ھەدىس توپلىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن 100 مىڭ سەھىھ ھەدىس (ئەستە ساقلاش قابىلىيىتى يۇقىرى بولغان ئىشەنچلىك كىشىلەر تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان، سەنەدى لىنىيىسى" پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۈزۈلۈكسىز تۇتاشقان ھەدىس)، 200 مىڭ غەيرىي سەھىھ ھەدىس يادقا ئالغان. ئۇ بىر قېتىم باغداتقا بارغاندا، باغداتنىڭ داڭدار مۇھەددىسلىرى ئۇ توپلىغان ھەدىسلەرنىڭ ئىشەنچلىك ۋە ئىشەنچلىك ئەمەس ئىكەنلىكىنى ئايرىش ئۈچۈن، ئۇنى سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ، مىڭلىغان ھەدىسلەر ئىچىدىن 100 ھەدىسنى تاللاپ چىقىپ، شۇ ھەدىسلەرنىڭ تېكىستلىرىنى، راۋى (رىۋايەت قىلغۇچى) لىرىنى بىر-بىرىگە ئالماشتۇرۇپ ئون ئادەمنى تاللاپ چىقىپ، ھەربىرىگە ئون ھەدىستىن تەقسىم قىلىپ بەرگەن ھەمدە ئۇلارنى مەزكۇر ھەدىسلەرنى ئىمام بۇخارىنىڭ ئالدىدا ئوقۇشقا ئورۇنلاشتۇرغان. ھەدىس تەقسىم قىلىنغان مەزكۇر ئون نەپەر ئادەم ئۆزلىرىگە تەقسىم قىلىنغان ھەدىسلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئىمام بۇخارىنىڭ ئالدىدا بىر-بىرلەپ ئوقۇغان. ئۇ سالماقلىق بىلەن 100 ھەدىسنىڭ ھەممىسىنى بىراقلا ئاڭلاپ بولۇپ، ھەربىر ئادەمگە ھەربىر ھەدىسنىڭ رەت-تەرتىپى بويىچە ئەينەن تۈزىتىش بېرىپ، سورۇن ئەھلىگە ئوقۇپ بەرگەندە، سورۇن ئەھلى ئۇنىڭ بۇ ئاجايىپ تالانتىغا ھەيران قالغان ھەم ئۇنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك مۇھەددىس ئىكەنلىكىگە، ئۇ توپلاپ رەتلىگەن ۋە ئايرىپ بېكىتكەن ھەدىسلەرنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىگە قايىل بولغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ نام-شۆھرىتى پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىغا پۇر كەتكەن. ئالىملار ئۇنىڭغا "ھۇججەتۇلئىسلام" (ئىسلامنىڭ پاكىتى)، ئەھلى ئىسلامنىڭ يېتەكچىسى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈلگىسى ۋە مۇھەددىسلەرنىڭ ئۇستازى، دەپ ئىنتايىن يۇقىرى باھا بەرگەن.

ئىمام بۇخارى بىر ئۆمۈر ھەدىسلەرنى توپلاش، رەتلەش يولىدا نۇرغۇن شەھەرلەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئاخىر كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يۇرتى—بۇخاراغا قايتىپ كەلگەن. بۇخارا خەلقى ئۇنىڭ ئىززەت-ئىكرامىنى ناھايىتى ئوبدان قىلغان. لېكىن بۇخارانىڭ ۋالىيسى خالىد ئىبنى ئەھمەد زۇھەلى ئۇنى ئۆز ئۆيىگە كېلىپ بالا-چاقىلىرىغا «سەھىھۇلبۇخارى»دىن دەرس سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغان. ئۇ بۇ تەلەپنى "مەن ئىلىمنى خارلىمايمەن، ئۇنى سۇلتانلارنىڭ دەرۋازىلىرىغا كۆتۈرۈپ بارمايمەن. ئەگەر ئۇنىڭ ماڭا ئېھتىياجى بولسا، مېنىڭ ھۇزۇرۇمغا كەلسۇن!" دەپ رەت قىلغان. ۋالىي بۇنىڭغا غەزەپلىنىپ، ئۇنى بۇخارادىن ھەيدەپ چىقىرىشقا قۇتراتقۇلۇق قىلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىمام بۇخارى "قۇرئان مەخلۇقمۇ، مەخلۇق ئەمەسمۇ؟" دەيدىغان زور پىتنىگە دۇچ كەلگەن. ئۇ بۇ مەسىلىدە ئوتتۇرا يول تۇتۇپ: قۇرئاننىڭ لەفزى (تەلەپپۇزى) ۋە خېتى مەخلۇقتۇر، ئاللانىڭ سۈپىتى بولغان، ئۇنىڭ زاتىدا ئەزەلدىنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان «كالامۇللا» (قۇرئاننىڭ مەنىسى، مەزمۇنى) نىڭ ئۆزى ئەزەلدۇر، مەخلۇق ئەمەستۇر، دەپ قارىغان.

شۇنىڭ بىلەن ئاخىر ئۇ بۇخارادىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. ئۇ سەمەرقەنتكە تەخمىنەن 18 كىلومېتىر كېلىدىغان خەرتەڭ دېگەن يەرگە كېلىپ، كېسەل سەۋەبىدىن مىلادىنىڭ 870-يىلى 60 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئىمام بۇخارىنى ھەدىسشۇناسلىق ئىلمىنى تازا ۋايىغا يەتكۈزگەن كىشى دېيىش مۇمكىن. چۈنكى ئۇ ھەدىسشۇناسلىق ئىلمىنى ئۇنىڭ بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدىكى تەرەققىياتلىرى ئاساسىدا تېخىمۇ مۇكەممەل سىستېمىلاشتۇرۇپ، ھەدىسلەرنى ھېچقانداق شەك-شۈبھە قالمىغۇدەك دەرىجىدە ئېنىقلاپ چىققان ۋە تۈرلەرگە ئايرىپ بېكىتكەن. ئۇ بۇ ئىشقا شۇنداق ئىخلاسمەنلىك بىلەن بېرىلگەنكى: «سەھىھۇلبۇخارى»نىڭ ھەربىر ھەدىسىنى بېكىتكەندە، ئاۋۋال غۇسلى قىلىپ، ئىككى رەكئەتتىن ئىستىخارە (خەيرلىك تىلەش) نامىزى ئوقۇپ ئاندىن بېكىتكەن. ئىمام بۇخارىنىڭ سەھىھ ھەدىسلەرنى بېكىتىشتىكى شەرتى ئىمام مۇسلىمنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى شەرتىدىن كۈچلۈكرەك بولغان. ئىمام بۇخارى ھەدىس رىۋايەت قىلغان كىشى بىلەن ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان كىشىنىڭ ئۇچراشقان بولۇشىنى شەرت قىلغان. ئەمما، ئىمام مۇسلىم بولسا، ھەدىس رىۋايەت قىلغان كىشى بىلەن ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان كىشىنىڭ زاماندash بولۇشىنىلا شەرت قىلغانىدى.

دېمەك، ئىمام بۇخارى ھەدىسلەرنى يىغىش، رەتلەش ۋە بېكىتىشتىن ئىبارەت ئىسلامىيەتنىڭ بۇ ئۇلۇغۋار ئىشلىرىغا ئىنتايىن يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن قاراپ، ھەدىسلەرنى قاتمۇقات ئىنچىكە ئۆتكەللەردىن ئۆتكۈزگەن. بۇ توغرۇلۇق مۇنداق بىر ھېكايەت بار: ئىمام بۇخارى مەلۇم بىر ھەدىسنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئىككى-ئۈچ ئايلىق يىراق جايدا مەزكۇر ھەدىسنى بىلىدىغان بىر كىشىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇ كىشىنى شۇنچە يىراق جايغا ئىزدەپ بارغان. ئىمام بۇخارى ھېلىقى كىشىنىڭ ئۆيىگە يېقىنلاپ قالغاندا، ئۇ كىشىنىڭ، بوش يۈرگەن بىر ئاتنى بىر تال چۆپ بىلەن بەزلەپ تۇتماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ كىشىنىڭ يالغان ئېيتىش ئېھتىمالىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇ كىشى رىۋايەت قىلغان ھەدىس ئىشەنچلىك ئەمەس، دەپ قاراپ ئۇ كىشى بىلەن كۆرۈشمەيلا كېتىپ قالغان.

ئىمام بۇخارى ئۆزىنىڭ ئاشۇنداق ھارماس ئىجتىھادلىرى، ئاجايىپ ئىقتىدارى ۋە سۇنماس ئىرادە-غەيرەتلىرى ئارقىلىق «سەھىھۇلبۇخارى»، «ئەلئەدەبۇلمۇفرىد»، «ئەلقىرائەت خەلفەلئىمام»، «ئەتتارىخۇلكەبىر»، «ئەتتارىخۇلئەۋسەت»، «ئەتتارىخۇسسەغىر»، «خەلقۇ ئەفئالىلئىباد»، «ئۇسامىسسەھابە»، «كىتابۇلمەبسۇت»، «كىتابۇلئىلەل»، «كىتابەتۇز زۇئەفائى»، «ئەلمۇسنەدۇلكەبىر» ۋە «ئەلجامىئۇلكەبىر» قاتارلىق مۇپەسسەل كىتابلارنى تەئلىپ قىلغان.

«سەھىھۇلبۇخارى» پۈتۈن ئۆلىمائى ئىسلام (ئىسلام ئۆلىمالىرى) تەرىپىدىن ئۇ تەئلىپ قىلغان كىتابلار ئىچىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق كىتاب، دەپ قارىلىپلا قالماستىن، بەلكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا كۆپ تارقالغان «سىھاھى سىتتە» (ئالتە سەھىھ كىتاب)، دەپ ئاتالغان ئالتە پارچە مەشھۇر ھەدىس كىتابى ئىچىدە ئەڭ نوپۇزلۇق ۋە «قۇرئان كەرىم» دىن قالسىلا ئەڭ مۆئتەبەر ۋە ئەڭ ئىشەنچلىك كىتاب، دەپ قارالغان.

«سەھىھۇلبۇخارى»نىڭ «فەتھۇلبارى»، «ئۇمرەتۇلقارى» («ئەينى»مۇ دېيىلىدۇ)، «ئىرشادۇسسارى» («قەستەلانى»مۇ دېيىلىدۇ)، «ئەلكەۋالىبۇددىرارى»، «ئەلخەيرۇلجارى»، «تەنقىھ»، «تەۋشىھ»، «ئوسمانى» ۋە «فەيزۇلبارى» قاتارلىق مۇپەسسەل شەرھلىرى بار. بۇنىڭدىن باشقا «سەھىھۇلبۇخارى»نىڭ مۇختەسەر (قىسقارتما) لىرىگە قىلىنغان «سەھىھۇلبۇخارى جەۋھەرلىرى ۋە قەستەلانى شەرھى» ۋە «مەنارۇلقارى» قاتارلىق شەرھلىرىمۇ بار.

«سەھىھۇلبۇخارى» مۇناسىۋەتلىك تېمىلارغا بۆلۈنگەن ئىككى جىلدلىق، 30 پارىلىق چوڭ ھەجىملىك كىتاب بولۇپ، كانارىغا ھەدىسلەرنىڭ شەرھىسى، راۋىلار ئىسىملىرىنىڭ تولۇق ئاتىلىشى ۋە بىر قىسىم كەم ئۇچرايدىغان قىيىن لۇغەتلەر ئىزاھاتى بېرىلگەن. ئىمام بۇخارى بۇ كىتابقا 16 يىلدا توپلىغان 600 مىڭ ھەدىس ئىچىدىن بىر-بىرلەپ، قايتا-قايتا تەكشۈرۈپ ئىنقلاش ئارقىلىق جەمئىي 9397 سەھىھ ھەدىسنى تاللاپ كىرگۈزگەن، بۇنىڭ ئىچىدە 3275 ھەدىس تەكرار ھەدىس (پەقەت مەنە جەھەتتىن تەكرار كەلگەن بولۇپ، سەنەد جەھەتتىن باشقا-باشقا كىشىلەر رىۋايەت قىلغان ھەدىس) بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«سەھىھۇلبۇخارى»دا پەقەت ھەدىسلەر زىكرى قىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى ھەدىسلەردىن مەسىلە (ھۆكۈم) چىقىرىلىدۇ ۋە بابلارغا مۇناسىپ ھەدىسلەر كەلتۈرۈلىدۇ. شۇڭا، بەزى بابلاردا ھەدىسلەر سەنەدسىز كەلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭدا ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن پالانى رىۋايەت قىلغان“ دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن كۇپايىلىنىدۇ. بەزىدە ھەدىسلەر سەنەدسىز كەلتۈرۈلىدۇ. بەزىدە مۇئەللەق ھەدىس (ھەدىسنىڭ سەنەد بېشىدىن بىر ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك راۋىنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقى ئېنىق بولغان ھەدىس) لەر كەلتۈرۈلىدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب: «سەھىھۇلبۇخارى»نىڭ ھەربىر باب ماۋزۇسى بىردىن ھۆكۈم بولغانلىقى ئۈچۈن مەقسەت شۇ ھۆكۈمنى دەلىللەشتۇر. بەزى بابلاردا پەقەت بىرلا ھەدىس بار. بەزى بابلاردا پەقەت بىرلا ئايەت بار. بەزى بابلاردا بولسا ھېچنېمە يوق ئاق قالدۇرۇلغان. بۇنىڭدىكى سەۋەب: قويۇلغان ماۋزۇنىڭ مەزمۇنىدا، «سەھىھۇلبۇخارى»غا ھەدىس تاللاشتىكى شەرتكە مۇۋاپىق ھەدىسنىڭ ئىمام بۇخارىنىڭ ھۇزۇرىدا ئىسپاتلانمىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ قويۇشتىن ئىبارەت. شۇڭا «سەھىھۇلبۇخارى»نىڭ بەزى نۇسخىلىرىدا ھەدىسلىرى يوق بابلار بىلەن بابلىرى يوق ھەدىسلەر قوشۇۋېتىلگەن.

دېمەك، «سەھىھۇلبۇخارى» ھەدىسلىرىنىڭ بېكىتىلىش شەرتلىرىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، ھەدىسلەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرىنىڭ پروگراممىخاراكتېرىدە كىتاب بېشىغا بېرىلىشى، باب تېمىلىرىنىڭ قويۇلۇش تەرتىپى ۋە ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن باشقا «سەھىھ كىتاب»لارغا نىسبەتەن يۇكسەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. شۇڭا، «سەھىھۇلبۇخارى»، «ئەلجامىئۇسسەھىھ» («ئەڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

بۇ كىتاب قىممەتلىك ئىسلامى مىراس بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىسلام ئەللىرىدە، ھەتتا غەيرىي ئىسلام ئەللىرىدىمۇ ھەر خىل نۇسخىلاردا كۆپلەپ نەشر قىلىنىپ، مەسچىت-مەدرىسلەردە، ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا دەرسلىك ۋە دەرسلىك مەنبەسى قىلىنىپ كەلمەكتە. جۈملىدىن جۇڭگودىكى ئىسلام دىنى ئىنىستىتۇتلىرى ۋە بىر قىسىم ئىسلام دىنى ئوقۇتۇش نۇقتىلىرىدىمۇ دەرسلىك ۋە دەرسلىك مەنبەسى قىلىنىپ كەلمەكتە. شۇنداقلا ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئىستىخىيلىك ھالدا «سەھىھۇلبۇخارى» بار يۇرتقا بالايىئاپەت كەلمەيدۇ، دەپ قاراپ، ئۇنى ئۇلۇغلاپ كۆز قارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ كەلمەكتە.

ھەدىس—پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرىنى، ساھابىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەستىق قىلغان ياكى سۈكۈت قىلغان سۆز-ھەرىكەتلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى ۋە سۈپەتلىرى توغرىسىدا قىلغان بايانلىرىنى كۆرسىتىدۇ. (”ئۇ **ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ**“ (53-سۈرە «نەجم»، 3—4-ئايەتلەر). **سىلەرگە—ئاللانى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللانى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە—رەسۇلۇللا ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر...**“ (33-سۈرە «ئەھزاب»، 21-ئايەت). ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى قۇرئاندۇر“

(سەئىدى ئىبنى ھىشامدىن مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىسنىڭ بىر قىسمى) شۇڭا، ھەدىس— قۇرئاننىڭ تەپسىرى ۋە ئىزاھاتى دەپ قارىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زامانىسىدا ساھابىلەر ھەدىسلەرنى ئىنتايىن چوڭقۇر ئىخلاسمەنلىك بىلەن يادقا ئېلىپ، ئەسلىرىدە قالدۇرۇۋالاتتى. ئەينى چاغدا نۇرغۇنلىغان ساھابىلەر ھەدىسلەرنى يىغىپ توپلاشقا ئۆزلىرىنىڭ يۈرەك قانلىرىنى سەرپ قىلىپ، كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. بىراق، ھەدىسلەر خاتىرە قالدۇرۇلمىغاچقا، ساھابىلەرنىڭ ئېغىزلىرىدىنلا رىۋايەت قىلىنىپ كەلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپاتىدىن كېيىن، ھەر خىل سىياسىي ۋە تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىر قىسىم ھەر خىل غەرەزدىكى كىشىلەر ھەر خىل توقۇلما ھەدىسلەرنى ئويدۇرۇپ چىقارغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەدىسلەرنى يادقا بىلىدىغانلار بىر-بىرلەپ ئالەمدىن ئۆتۈپ تۈگەشكە باشلىغان. مۇشۇ خىل ئەھۋالغا ئاساسەن نۇرغۇنلىغان ئالىملار ھەدىسلەرنى توپلاپ، رەتلەپ كىتاب قىلىپ چىقىشقا باشلىغان. ھەدىسلەرنى يىغىش، خاتىرە قالدۇرۇش پائالىيىتى ئاساسەن ئۇمەۋىيلەر خەلىپىلىكىنىڭ 8-خەلىپىسى— ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز (717—720-يىللىرى خەلىپە بولغان) نىڭ ھەدىسلەرنى يىغىپ خاتىرە قالدۇرۇش توغرىسىدا ۋالىي ئەبۇ بەكرى ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەمرى ئىبنى ھەزمگە چۈشۈرگەن پەرمانى بىلەن باشلانغان. بۇ ئۇلۇغ چاقىرىققا ئۆز زامانىسىنىڭ ئىلمى ھەدىس پېشۋاسى— مۇھەممەد ئىبنى مۇسلىم ئىبنى شىھاب زۇھرى تۇنجى قېتىم ئاۋاز قوشۇپ، مۇشۇ ئىلىم بويىچە نادىر ئەسەرلەرنى يازغان. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن مۇھەددىسلەر ئۇنى ئىلمى ھەدىسنىڭ ئاساسچىسى دەپ قارىغان.

9-ئەسىرگە كەلگەندە، ناھايىتى نۇرغۇن ھەدىس كىتابلىرى بارلىققا كەلگەن. ئىمام بۇخارى ياشىغان دەۋر مانا مۇشۇنداق ئىسلام دىنى ئىلىملىرىنىڭ گۈللىنىش دەۋرىگە توغرا كەلگەن. بۇ چاغدا مەدىنە، مەككە، كۇفە، بەسرە ۋە ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولغان باغدات قاتارلىق شەھەرلەر ئىسلام دىنى ئىلىملىرىنىڭ مۇھىم مەركەزلىرىگە ئايلانغان بولۇپ، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، ئەلى ئىبنى مۇدەينى، مۇسلىم ئىبنى ھەججاج، مۇھەممەد ئىبنى ئىيسا تىرمىزى، ئىبنى ماجە ۋە ئەبۇ داۋۇد قاتارلىق مەشھۇر ئالىملار يېتىشىپ چىققان. ئۇلار ئىسلام دىنى ئىلىملىرىنىڭ مۇشۇ ئالتۇن دەۋرىدە نۇرغۇنلىغان ھەدىس توپلاملىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن.

قۇرئان بىلەن ھەدىس كىتاب بولۇپ شەكىللەنگەندىن كېيىن، ئىلمى تەپسىر، ئىلمى ھەدىس ۋە ئىلمى فىقھى قاتارلىق شەرىئەت ئىلىملىرى بارلىققا كېلىپ ۋە تەرەققىي قىلىپ، ھەرقايسى ئىلىملەر بويىچە نۇرغۇنلىغان كىتابلار يېزىلغان. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەر دەۋرىدىن كېيىنمۇ «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسنى توغرا چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈشنىڭ ئىمكانىيىتى تۇغۇلغان. نەتىجىدە، شەرىئەت ئىلىملىرىنىڭ مەخسۇس قائىدە-پرىنسىپلىرى تۇرغۇزۇلۇپ، مۇكەممەل بولغان ئىلمىي نەزەرىيە سىستېمىسى شەكىللەنگەن.

شەرىئەت ئىلىملىرىنىڭ يۇقىرىقىدەك قائىدە-پرىنسىپلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ 23 يىللىق پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەش جەريانىدىكى مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن تۇرغۇزۇلغان. مەزكۇر ئىلىملەرنىڭ شەكىللىنىشى پەقەت قۇرئان ۋە ھەدىسنى توغرا تەپسىر قىلىش ۋە توغرا ئىزاھلاشنىڭ تەقەززاسى ئىدى. مەزكۇر ئىلىملەرنىڭ مەنبەسى يەنىلا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ 23 يىللىق پەيغەمبەرلىك ئەمەلىيەت جەريانى بولۇپ، ئەينى چاغدا ھازىرقىدەك كونكرېت شەكىلگە ھاجەت يوق ئىدى.

ھەدىس—ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىنى ئىسپاتلاش، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بېكىتىش ۋە ئەخلاق ئۆلچەملىرىنى بەلگىلەشتە (ئاخىرى 56-بەتتە)

www.uyghurkitap.com

# سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقىنىڭ ۋەلى ئەھدىسى شاھزادە ئابدۇللا بىننى ئابدۇلئەزىز جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى

گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى جۇ رۇڭجىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگوغا رەسمىي زىيارەتكە كەلگەن سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقىنىڭ ۋەلى ئەھدىسى، بىرىنچى مۇئاۋىن باش ۋەزىرى، خەلق مۇھاپىزەتچى قىسمىنىڭ قوماندانى شاھزادە ئابدۇللا بىننى ئابدۇلئەزىز ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى 10-ئاينىڭ 15-كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت بىردە، جۇڭگونىڭ سەئۇدى ئەرەبىستاندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى يۈ شىڭجىنىڭ ھەمراھلىقىدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدە زىيارەتتە بولدى. جەمئىيەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىن، مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن نوئمان ما شيەن، ئابدۇرەھىم ئىمىن، مۇھەممەد سەئىد ما يۈنفۇ، شەمشىدىن ھاجى مەھمۇد، خەلقئارا بۆلۈم مۇدىرى مۇستافا ياڭ جىبو، مۇئاۋىن مۇدىرى ئادىل ھاجى كېرەم قاتارلىقلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى خادىملىرى، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇستاز-تالىپلىرى مېھمانلارنى داغدۇغىلىق مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ قىزغىن كۈتۈۋالدى. ۋەن ياۋبىن ئالدى بىلەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە جۇڭگودىكى 20 مىليون ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىغا ۋاكالىتەن ۋەلى ئەھدى شاھزادە ئابدۇللا ۋە ئۇمەك ئەزالىرىنىڭ جۇڭگوغا كېلىپ ئەتىسلا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە مەخسۇس زىيارەت قىلىپ كەلگەنلىكىگە مىننەتدارلىقىنى ۋە مېھمانلارنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شاھزادە ئابدۇللاغا جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ۋە جۇڭگو ئىسلام دىنى ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇردى ھەمدە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەر يىلى مۇقەددەس زېمىنغا بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلىشىغا سەئۇدى ھۆكۈمىتىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ قولايلىق شارائىت يارىتىپ بەرگەنلىكىگە چىن كۆڭلىدىن تەشەككۈر ئېيتتى.

ۋەلى ئەھدى شاھزادە ئابدۇللا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلغانلىقىغا ئىنتايىن مەمنۇن بولغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ: ئىسلام دىنى تىنچلىققا دەۋەت قىلىدىغان دىن، ئىسلام دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى تىنچلىق دېگەنلىكتۇر، ئىسلام دىنىنىڭ جەۋھىرى ئۆزئارا ئىتتىپاق، مۇھەببەت، گۈزەل ئەخلاق-پەزىلەت بىلەن ياشاشنى تەشەببۇس قىلىشتىن ىبارەت. ۋەتەننى سۆيۈش ئىماننىڭ بىر قىسمى، شۇڭا مۇسۇلمانلار ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۆزلىرىنىڭ ۋەتەننى سۆيىدىغان، دىننى سۆيىدىغان ئالىيجاناب ئەنئەنىسىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇشى كېرەك، دېدى.

سەممىي ۋە قىزغىن سۆھبەتتىن كېيىن، ئىككى تەرەپ سوۋغات-سالام ئالماشتۇرۇشتى ۋە شاھزادە ئابدۇللا ئىسلام جەمئىيىتىگە ئىئانە ئاتىدى.

شاھزادە ئابدۇللا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى يەنە جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنى زىيارەت قىلىپ، ئىنستىتۇتنىڭ تولۇق كۇرس سىنىپىدا ئوقۇۋاتقان تالىپلارنىڭ دەرسخانىدىكى ئۆگىنىش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى، ئۇ تالىپلار ۋەكىلىنىڭ ئەرەب تىلىدا سۆزلىگەن قارشى ئېلىش سۆزى ۋە «قۇرئان كەرىم»دىن قىلغان قىرائىتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشىدىن مەمنۇن بولدى. مېھمانلار يەنە جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ كۇتۇپخانىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

ئاخىردا شاھزادە ئابدۇللا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى جەمئىيەت بىناسى ئالدىدا جەمئىيەت رەھبەرلىرى بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ دىپلوماتىيە ۋەزىرى شاھزادە سەئۇد سەيسال، خەلق مۇھاپىزەتچى قىسمى غەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى شاھزادە سەيسال سەئۇد، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شاھزادە بەندەر بىننى سۇلتان، ۋەلى ئەھدى ئىشخانىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى شاھزادە تۇركى، ۋەلى ئەھدىنىڭ ئۈچ نەپەر شاھزادىسى، نېفىت ۋە كان مەھسۇلاتى بايلىقى ۋازارىتىنىڭ ۋەزىرى ئىنژېنېر ئەلى بىننى ئىبراھىم، مالىيە ۋە خەلق ئىقتىسادى ۋازارىتىنىڭ ۋەزىرى پروفېسسور ئىبراھىم بىننى ئابدۇلئەزىز، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى يۈسۈف مۇھەممەد ئەل مەدەنى قاتارلىقلارمۇ ۋەلى ئەھدى شاھزادە ئابدۇللا بىلەن بىللە زىيارەت قىلدى. (ئادىل ھاجى كېرەم)

# جۇڭگو مۇسۇلمانلار ۋەكىللىرى ئۆمىكى لىۋىيىدە زىيارەتتە بولدى

◇ چاڭ چىڭلياڭ

لىۋىيە دۇنيا ئىسلامىيەت تەرغىبات جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى دوكتور مۇھەممەد شەرىفنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىن ئۆمەك باشلىقى، مۇئاۋىن رەئىس ئابدۇرەھىم ئىمىن، ئاخۇن چېن گۇاڭيۈەنلەر مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى بولۇپ تەشكىللەنگەن توققۇز كىشىلىك جۇڭگو مۇسۇلمانلار ۋەكىللىرى ئۆمىكى 7-ئاينىڭ 3-كۈنى لىۋىيىگە بېرىپ، لىۋىيە ئىسلامىيەت تەرغىبات جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان داغدۇغىلىق مەۋلۇت نەبى پائالىيىتىگە ئىشتىراك قىلىپ ۋە زىيارەتتە بولۇپ، 7-ئاينىڭ 15-كۈنى ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى.

لىۋىيە — شىمالىي ئافرىقىدىكى مۇھىم ئەرەب-ئىسلام ئەللىرىدىن بىرى بولۇپ، لىۋىيە تەرغىبات جەمئىيىتى ئەرەب-ئىسلام دۇنياسىدا خېلى زور تەسىرگە ئىگە جەمئىيەت. بۇ قېتىمقى پائالىيەتكە لىۋىيە تەرەپ تولۇق تەييارلىق كۆرگەن بولۇپ، جۇڭگونى ئۆز ئىچىگە ئالغان 110 دۆلەت ۋە رايوندىن 1500 كىشىنى تەكلىپ قىلىپ قاتناشتۇردى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئافرىقىدىكى بىر قىسىم ئىسلام ئەللىرىنىڭ دۆلەت باشلىقلىرى (مالى زۇڭتۇڭى، سېنېگال زۇڭتۇڭى، چاد زۇڭتۇڭى، گامبىيە زۇڭتۇڭى، نىگېر زۇڭتۇڭى قاتارلىقلار)، بىر قىسىم ئەرەب-ئىسلام ئەللىرىنىڭ دىن مىنىستىرلىكى، مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرلىرى ۋە ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى مەشھۇر زاتلار ھەم ئاتاقلىق ئالىملار بار. 7-ئاينىڭ 6-كۈنى ئۆمەر مۇختار ئۇنىۋېرسىتېتى ئىچىگە ۋاقىتلىق تىكلەنگەن چوڭ چېدىردا ئون مىڭ كىشىلىك داغدۇغىلىق مەۋلۇت نەبى پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. پائالىيەت جاراڭلىق قىرائەت بىلەن باشلاندى، سۈرىيىلىك ۋە يەرلىك سەنئەت ھەم شېئىر دېكلاماتسىيە ئۆمەكلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى خاتىرىلەشكە ئاتاپ تەييارلىغان نومۇرلىرىنى كۆرسەتتى. بىر قىسىم مېھمانلارمۇ ئۆز رايونلىرىغا ۋاكالىتەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى خاتىرىلەپ نۇتۇق سۆزلىدى، پائالىيەت ئىككىنچى كۈنى سەھەر سائەت ئىككىگىچە داۋاملاشتى. 7-ئاينىڭ 7-كۈنى لىۋىيە ئىنقىلابىنىڭ داھىيسى كازافىي بىر قىسىم مېھمانلارنى قوبۇل قىلىپ نۇتۇق سۆزلىدى. ئۆمىكىمىزنىڭ باشلىقى ۋەن ياۋبىن 1-رەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، يۇقىرى ئىززەت-ئىكرامغا مۇيەسسەر بولدى. 7-ئاينىڭ 8-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، باش كاتىپ دوكتور مۇھەممەد شەرىف جۇڭگو ئۆمىكى چۈشكەن مېھمانخانىغا كېلىپ بارلىق ئۆمەك ئەزالىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ بۇ نۆۋەتتىكى پائالىيەتكە قاتناشقانلىقىغا تەشەككۈر ئېيتتى. ئۆمەك باشلىقى ۋەن ياۋبىن ئۇنىڭغا جۇڭگونىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش، مىللەتلەر باراۋەرلىكى ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى، شۇنداقلا، دوكتور مۇھەممەد شەرىفنىڭ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، يېقىن ئارىدا جۇڭگونى زىيارەت قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقى مەسىلىسى ئۈستىدە ئىككى تەرەپ پىكىر ئالماشتۇردى ھەمدە ئىككى جەمئىيەت ۋە ئىككى دۆلەت مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدىكى دوستانە بېرىش-كېلىش مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. كۆرۈشۈش باشتىن-ئاخىر دوستانە كەيپىياتتا ئۆتتى، ئىككىنچى كۈنى ئۆمەك ئەزالىرى لىۋىيىنىڭ ئىككىنچى چوڭ شەھىرى بەنى غازىغا بېرىپ زىيارەت قىلدى ۋە ئاندىن مالتا ئارقىلىق ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى.

uyghurkitap.com كىتاب تورىمىز

# جۇڭگو مۇسۇلمان ئۆلىمالار ۋەكىللىرى ئۆمىكى پاكىستاندا دوستانە زىيارەتتە بولدى

◇ ئادىل ھاجى كېرەم

جۇڭگو بىلەن پاكىستان ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش كېلىشىمىگە بىنائەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى نوئمان ما شيەن باشچىلىقىدىكى، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خالىد ياڭ زۇڭشەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ھاجى بارات تاھىر داموللام، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن مەسئۇل مۇھەررىرى يۈسۈف ما لىجاڭ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى خەلقئارا بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئادىل ھاجى كېرەمدىن ئىبارەت بەش كىشىدىن تەركىب تاپقان جۇڭگو مۇسۇلمان ئۆلىمالار ۋەكىللىرى ئۆمىكى 1998-يىل 9-ئاينىڭ 6-كۈنىدىن 13-كۈنىگىچە پاكىستاندا يەتتە كۈنلۈك رەسمىي دوستانە زىيارەتتە بولدى. بۇ ئۆمەك پاكىستان دىنىي ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن پاكىستاننىڭ بالوچىستان ئۆلكىسىدىكى كۇۋېتا شەھىرى، غەربىي شىمال چېگرا ئۆلكىسىدىكى پىشاۋەر شەھىرى، پەنجاپ ئۆلكىسىدىكى لاھور شەھىرى ۋە ئىسلامئاباداتا زىيارەتتە بولدى. پىشاۋەردىكى مۇھەببەتخان جامەسى، لاھوردىكى پادىشاھ جامەسى، ئىسلامئابادتىكى فەيسال جامەسىنى، ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئىسلامئاباد خەلقئارا ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە بەزى مەشھۇر ئاسارئەتىقىلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

زىيارەت مەزگىلىدە ۋەكىللەر ئۆمىكى ئايرىم-ئايرىم ھالدا پاكىستان دىنىي ئىشلار مىنىستىرى، دۇنيا مۇسۇلمانلىرى يىغىنىنىڭ باش كاتىپى راجا زەفەرۇل ھەق، پاكىستان ئىسلام نەزەرىيىسى كومىتېتىنىڭ رەئىسى پروفېسسور زامان ئەپەندى ھەممە زىيارەتتە بولغان جايلاردىكى ئۈچ ئۆلكىنىڭ رەئىسلىرى ۋە دىنىي ئىشلار مىنىستىرلىرى بىلەن كۆرۈشتى. 9-ئاينىڭ 12-كۈنى چۈشتە پاكىستاننىڭ دۆلەت زۇڭتۇڭى رەفىق تارار زۇڭتۇڭ سارىيىدا ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ بارلىق ئەزالىرىنى قوبۇل قىلىپ 40 مىنۇتچە دوستانە سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ۋەكىللەر ئۆمىكى زىيارەتتە بولغان جايلاردا، پاكىستان تەرەپ ئالاھىدە كۈتۈۋېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، جايلاردىكى مەشھۇر دىنىي زاتلار ۋە ئىسلام ئۆلىمالىرىنى ئۆمەك ئەزالىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇشقا شارائىت يارىتىپ بەردى. ئۆمەك بۇ قېتىمقى زىيارەت ئارقىلىق ئىنتايىن ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

ۋەكىللەر ئۆمىكى زىيارەتتە بولغانلىكى جايلاردا يۇقىرى دەرىجىدە كۈتۈۋېلىندى ھەمدە جايلاردىكى ھۆكۈمەت ئەربابلىرى ۋە خەلقنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. بۇ پاكىستان ھۆكۈمىتى ۋە پاكىستان خەلقىنىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىگە بولغان دوستانە ھېسسىياتىنىڭ روشەن ئىپادىسى. بۇ قېتىمقى زىيارەتتە پاكىستاننىڭ ھەرقايسى رادىئو-تېلېۋىزىيە ۋە ئاخبارات گېزىتلىرى ئۆمەكنىڭ زىيارەت پائالىيەتلىرىنى يېزىق-سۈرەتلىك خەۋەر قىلدى. خۇددى جۇڭگونىڭ پاكىستاندا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ باش ئەلچىسى جاڭ چىڭلى ئەپەندى ئېيتقاندەك: پاكىستاننىڭ ئۆزىنىڭ ئىقتىسادى شارائىتى تازا ياخشى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، جۇڭگو مۇسۇلمان ئۆلىمالار ۋەكىللىرى ئۆمىكىنى بۇنداق يۇقىرى دەرىجىدە كۈتۈۋېلىشى جۇڭگو بىلەن پاكىستان ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە مۇناسىۋەتنىڭ نەقەدەر زىچلىقىنى، ئىككى دۆلەت مۇسۇلمانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىياتنىڭ نەقەدەر چوڭقۇرلۇقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

جۇڭگو مۇسۇلمان ئۆلىمالار ۋەكىللىرى ئۆمىكى پاكىستاندىكى يەتتە كۈنلۈك دوستانە زىيارىتىنى غەلىبىلىك ئاياغلاشتۇرۇپ، 9-ئاينىڭ 13-كۈنى جۇڭگوغا قايتىپ كەلدى.

# سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ سودا ۋەزىرى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى

◇ ئاۋىن

تاشقى ئىقتىساد-سودا مىنىستىرلىكىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگوغا زىيارەتكە كەلگەن سەئۇدى ئەرەبىستانى سودا ۋەزىرى ئۇسامە جەئفەر فەقىھ باشلىق ئالتە كىشى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى يۇسۇف ئەلمەدەنىنىڭ ھەمراھلىقىدا 6-ئاينىڭ 2-كۈنى چۈشتىن كېيىن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى. مۇئاۋىن رەئىس قوشۇمچە باش كاتىپ مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىن ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە: "ۋەزىر جانابلىرىنىڭ جۇڭگوغا كېلىپلا ئالدى بىلەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلغانلىقى جانابلىرىنىڭ جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىغا بولغان دوستانە ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ" دېدى، شۇنداقلا، سەئۇدى ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر يىلى ھەج مەزگىلىدە جۇڭگو ھاجىلىرىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىۋاتقانلىقىغا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىغا ۋاكالىتەن تەشەككۈر ئېيتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: "جۇڭگو-سەئۇدى ئىككى دۆلەتنىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقى بار، يىپەك يولى بىلەن دورل-دەرمەك يولى ئاللىبۇرۇنلا ئىككى دۆلەت خەلقىنى بىر-بىرىگە باغلىغانىدى. ئىككى دۆلەت دىپلوماتىيە مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن كېيىن، ئۆزئارا ئالاقە بارغانسېرى ئۇلغايدى. ھەر يىلى ھەج تاۋاپ مەزگىلىدە جانابلىرى دۆلىتىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ ياردىمى ۋە پادىشاھلىق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقىدا، جۇڭگو ھاجىلىرى مەككەمۇكەررەمەگە بېرىپ ھەج تاۋاپىنى ئوڭۇشلۇق ئادا قىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا چىن دىلىمىزدىن تەشەككۈر ئېيتىمىز." ۋەن ياۋبىن يەنە مېھمانلارغا ئىسلام دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىش تارىخى ۋە ھازىرقى دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى شارائىتىدىكى جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي تۇرمۇشى قاتارلىق ئەھۋاللارنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى.

ۋەزىر ئۇسامە جەئفەر فەقىھ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ قىزغىن كۈتۈۋالغانلىقىغا رەھمەت ئېيتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: "بىز ئىنتايىن ھاياجانلىق كەيپىياتتا جۇڭگودىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئارىسىغا كەلدۇق. ئىسلام دىنىنىڭ بۇنىڭدىن مىڭ يىل بۇرۇنلا جۇڭگوغا تارقالغانلىقى ئىسلام دىنىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى چۈشەندۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىسلام دىنىنىڭ جۇڭگودا ھازىرغىچە ساقلىنىپ تۇرالىغانلىقى جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىخلاسمەنلىكى ۋە ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاق-پەزىلىتىنى ئىپادىلەيدۇ. پادىشاھلىق ھۆكۈمىتىمىزنىڭ جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىغا ۋە ھاجىلىرىغا ھەر جەھەتتىن مۇلازىمەت قىلىشقا مۇۋەپپەق بولغانلىقى ھەم بىز ئۈچۈن شەرەپ، ھەم بىزنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيىتىمىز. جۇڭگو-سەئۇدى ئىككى دۆلەت خەلقى بولۇپمۇ ئىككى دۆلەت مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدىكى دوستلۇق مەڭگۈ ياشنىغاي!" كۆرۈشۈش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، مېھمانلار بىلەن ساھىبخانلار ئۆزئارا خاتىرە بۇيۇمى سوۋغات قىلىشتى ۋە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدىن مۇئاۋىن رەئىس نوئمان ما شيەن، ئابدۇرەھىم ئىمىن، مۇھەممەد سەئىد ما يۇنفۇلار، ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خالىد ياڭ زوڭشەن، خەلقئارا بۆلۈمى مۇدىرى ياڭ جىبو، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى ۋېن جەن، ئادىل ھاجى كېرەم قاتارلىقلارمۇ كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

www.uyghurkitap.com

## قەشقەر ۋىلايەتلىك دىنىي مەكتەپ 4-قارارلىق تالىپلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى باشقۇرۇشىدىكى دىنىي مەكتەپ 4-قارارلىق تالىپلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى 1998-يىل 6-ئاينىڭ 26-كۈنى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى.

مۇراسىمغا ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، ۋىلايەتلىك دىنىي مەكتەپنىڭ مۇدىرى ھارۇنخان مەخسۇم ھاجىم، ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى سادىق قارىي ھاجىم، مۇھەممەت ئىمىن قارىي ھاجىم ۋە مەكتەپتىكى بارلىق مۇدەررىس، تالىپلار بولۇپ 140 نەپەر كىشى قاتناشتى.

مۇراسىم ئەنئەنىۋى قائىدە بويىچە مەكتەپنىڭ قىرائەت ئۇستازى ئابدۇراخمان قارىي ھاجىمنىڭ قىرائىتى بىلەن باشلاندى. مەكتەپ مۇدىرى ھارۇنخان مەخسۇم ھاجىم مەكتەپنىڭ ئۈچ يىللىق ئوقۇتۇش ئىشلىرىدىن ئەستايىدىل خۇلاسە چىقاردى ھەمدە تالىپلاردىن كۆتىدىغان بىرنەچچە تۈرلۈك ئۈمىدىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بۇ قېتىمقى ئوقۇتۇش پۈتتۈرگەن 42 نەپەر تالىپ 1995-يىلى ۋىلايەت بويىچە بىر تۇتاش ئىمتىھان ئارقىلىق قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ زور كۆپ قىسمى ۋەزىپىدىكى ياش ئىزباسارلار. بۇ قارارلىق تالىپلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى، دىنىي بىلىم سەۋىيىسى ۋە ئەخلاق-پەزىلەت سۈپىتى ئىلگىرىكى يىللاردىكىدىن نىسبەتەن يۇقىرى بولۇپ، ئۇلار بۇ ئۈچ يىل جەريانىدا مۇدەررىسلەرنىڭ ئەستايىدىل ئۆگىتىشى، ئۆزلىرىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىشى نەتىجىسىدە، ھەرقايسى جەھەتلەردە خېلى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. دەرسلەرنىڭ ئۆزلىشىش نىسبىتى %95كە يەتتى. بۇ ئىلگىرىكى يىللاردىكىدىن خېلىلا يۇقىرى سەۋىيە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئوقۇش جەريانىدا ئاساسلىقى، قۇرئان تەپسىرى، ھەدىس، فىقھە ئىلمى، تەجۋىد، ئىسلام ئەقىدىسى، مىشكات، ھىدايەتۇل نەھۋى، تەھسىيلۇل زەرۇرى، مۇختەسەرۇۋىقايىي ھەم مەلۇم مىقداردا سىياسەت، قانۇن ۋە مەدەنىيەت دەرسلىرى تەسىس قىلىندى.

مۇراسىم ئاخىرىدا ئوقۇش پۈتتۈرگەن تالىپلارغا «قۇرئان كەرىم»، ھەدىس كىتابلىرى، ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى ھەمدە بىر ئىلغار سىنىپ كوللېكتىپى، 12 نەپەر "ئۈچتە ياخشى" تالىپ ماددىي بۇيۇملار بىلەن تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى.

مۇراسىمغا مەمۇرىي مەھكىمە مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابلىز ناسىر قاتارلىقلار قاتناشتى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى. مۇراسىم ئاخىرلاشقاندىن كېيىن رەھبەرلەر بىلەن تالىپلار بىللە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

(ياقۇپ ھاجى مۇھەممەت)

## قىزىلسۇ ئوبلاستىدا ئېچىلغان ۋەزىپىدىكى ئىماملارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاخىرلاشتى

قىزىلسۇ ئوبلاستلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتى 1997-يىلى 10-ئاينىڭ بېشىدا ۋەزىپىدىكى ئىماملاردىن 37 نەپەر كۇرسانت قوبۇل قىلغانىدى. بۇ كۇرسانتلار ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر) لىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، ھەممىسى 20 ياشتىن يۇقىرى 40 ياشتىن تۆۋەن، تېنى ساغلام، ئىدىيە-ئەخلاق جەھەتتىن ياخشى، تولۇقسىز ئوتتۇرىدىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە ئىماملاردىن ئىبارەت.

كۇرسانتلارغا پارتىيىنىڭ مىللىي-دىنىي سىياسىتى، مۇناسىۋەتلىك قانۇنلار، «قۇرئان كەرىم»، ئىبادەت ئىسلامىيە، ئەرەب تىلى، ئىلمى سەرپ، دورۇسۇن نەھۋى، ئىلمى فىقھ، ئىلمى ھەدىس، ئىلمى تەپسىر قاتارلىق كىتابلار ئاساس قىلىنىپ ئۆتۈلدى.

1998-يىل 7-ئاينىڭ 25-كۈنى كۇرسنىڭ ئاخىرلىشىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمغا ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەھەممەت مۇسا، پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ئوبلاستلىق مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىرى، ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىس-مۇئاۋىن رەئىسلىرى، ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر) لىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىرى، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسلىرى قاتناشتى.

مۇراسىمغا ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى رازىق ھاجى رىياسەتچىلىك قىلدى، رەئىس جارۇللا قارىي ھاجى خۇلاسە سۆزى قىلىپ كۇرسنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى، تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلىدى.

مۇراسىمدا سەككىز نەپەر ئەلاچى كۇرسانت ماددىي-مەنىۋى جەھەتتىن مۇكاپاتلاندى.

ئوبلاستنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەت مۇسا مۇراسىم ئاخىرىدا، مۇھىم يولىيورۇق بېرىپ كۇرسانتلاردىن جايلارغا بارغاندا، ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ياخشى ئادا قىلىپ پارتىيىنىڭ مىللىي-دىنىي سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشنى، شىنجاڭنىڭ جۈملىدىن ئوبلاستنىڭ مۇقىملىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا ئاكتىپ قاتنىشىپ، شىنجاڭنىڭ، جۈملىدىن ئوبلاستىمىزنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشنى تەلەپ قىلدى.

(رازىق ھاجى)

# يەكەن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئاچقان 11-قارارلىق دىنىي بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى غەلبىلىك ئاياغلاشتى

يەكەن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئاچقان 11-قارارلىق دىنىي بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى 1997-يىل 12-ئاينىڭ 15-كۈنى يەكەن ناھىيە كونا شەھەر جامە مەسچىتىدە ئوقۇش باشلاپ، ئالدىن نىشانلانغان دەرسلىك پروگراممىلىرىنى تولۇق، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاپ، 1998-يىل 6-ئاينىڭ 4-كۈنى ئوقۇش تاماملاش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى. مۇراسىمغا ناھىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرى، ناھىيە ئىچىدىكى دىنىي زاتلار، مۇسۇلمان ئاممىۋى ۋەكىللىرى، كۇرسقا ماددىي ياردەم بەرگەن شەخسلەر ۋە ھەرقايسى يېزا (بازار) لارنىڭ دىنىي ئىشلار ھەيئىتى ۋە بىرلىك سەپ، مىللەتلەر دىن ئىشلىرى مەسئۇللىرىدىن بولۇپ 200 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. مۇراسىمغا ناھىيىلىك مىللەتلەر دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مەخمۇت ئەخمەت ھاجى رىياسەتچىلىك قىلدى. ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇسەمەتخان خەلپىتىم ھاجى كۇرسنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى ۋە كۇرسنىڭ ئېچىلىشىنى قوللىغان ناھىيە رەھبەرلىرىگە ھەمدە كۇرسقا ياردەم قىلغان ئېتىقادچى ئاممىغا سەمىمىي رەھمەت ئېيتتى.

بۇ نۆۋەتلىك كۇرسقا قوبۇل قىلىنغان 100 تالىپ ناھىيىنىڭ ھەرقايسى يېزا-بازارلىرىدىكى مۇقىم ئىمامى يوق، ئىمامى ئۆلۈپ كېتىپ ئورنى بوش قالغان ياكى ئىمامى ياشىنىپ قېلىپ ئىماملىق ھۆددىسىدىن چىقالمايۋاتقان مەسچىتلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، يەرلىك جامائەتتىن نىشانلىق قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، يېشى 18 دىن 38 غىچە بولغان، ئوقۇش قىزغىنلىقى يۇقىرى، خەلققە جان-دىلى بىلەن ئىشلەش ئىگى كۈچلۈك تالىپلاردىن ئىبارەت.

بۇ تالىپلار سەۋىيە پەرقىغە ئاساسەن تۆت گۇرۇپپىغا ئايرىلدى؛ بىرىنچى باسقۇچتا ھەممە گۇرۇپپا تالىپلىرىغا ئوخشاشلا «قۇرئان كەرىم» نىڭ 30-پارىسى، كۆپ ئوقۇلىدىغان سۈرە-ئايەتلەر تەجۋىد بىلەن يادقا ئالدۇرۇلدى ۋە مەرھۇم ئۇستاز ئابدۇقادىر داموللامنىڭ «ئەقائىد زەرۇرى -ئىبادەت ئىسلامى» ناملىق كىتابى تەپسىلىي شەرھلىنىپ ئۆتۈلدى ھەم مەزمۇنى ياد ئالدۇرۇلدى. ئىككىنچى باسقۇچتا، يۇقىرى گۇرۇپپا تالىپلىرىغا پېشقەدەم ئۇستاز ئابدۇۋەلى داموللا ھاجىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە فىقھ، ھەدىس ۋە نەھۋى دەرسلىرى ئۆتۈلدى؛ تۆۋەن گۇرۇپپىلارغا فىقھ ۋە سەرپ، مۇختارات ۋە سەرپ دەرسلىرى ئۆتۈلدى. ئاخىردا بارلىق تالىپلارغا نىكاھ ئوقۇش، ئىسىم قويۇش، جۈمەدە خۇتبە ئوقۇش ۋە تەبلىغ قىلىش، مېيىتنى يۇيۇپ كېپەنلەش ۋە نامىزىنى چۈشۈرۈش قاتارلىق ئەمەلىي، مۇھىم مەزمۇنلار بىر ئىمام بىلىشكە تېگىشلىك زۆرۈر ساۋات سۈپىتىدە دەرس قىلىنىپ ئۆتۈلدى ھەمدە ئۇلار يۇرتلىرىغا قايتقاندا، خەلققە ئەمەلىي خىزمەت قىلالايدىغان سەۋىيىگە يەتكۈزۈلدى. تالىپلار يەنە دىنىي ئىشلارغا ئائىت ئاساسىي قانۇن، قائىدە-نىزام، مائارىپ قانۇنى، نىكاھ قانۇنى، مىراس قانۇنى، دۆلەت بىخەتەرلىك قانۇنى ۋە ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق، پەن-تېخنىكا قاتارلىقلارغا ئائىت دەرسلەرنى ئاڭلاپ قانۇن-تۈزۈمدىن ۋە پەن-تېخنىكىدىن مەلۇم ساۋاتقا ئىگە بولدى.

مۇراسىمنىڭ ئاخىرىدا تالىپلار ۋەكىلى سۆز قىلىپ، ئۆز جايلىرىغا بارغاندا تەشكىلنىڭ ۋە ئۇستازلىرىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماي، ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىپ، كەڭ ئاممىنى نورمال دىنىي پائالىيەتكە يېتەكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ناھىيە رەھبەرلىرى سۆز قىلىپ، كۇرسنىڭ ياخشى ئېچىلىپ ياخشى نەتىجە بىلەن ئاياغلاشقانلىقىنى تەبرىكلىدى ھەمدە تالىپلاردىن كۈتىدىغان ئۈمىدىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئاخىردا تالىپلارغا ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى تارقىتىلدى، "ئەلا ياخشى" تالىپلار ۋە ئىلغار سىنىپ كادىرلىرى تەپسىر، ھەدىس كىتابلىرى ۋە ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ يىللىق توپلىمى قاتارلىق پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى بىلەن مۇكاپاتلاندى. تالىپلار ۋەكىللىرىمۇ مەكتەپكە خاتىرە بۇيۇمى تەقدىم قىلدى ۋە يىغىن ئەھلى بىلەن بىللە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

(مۇختەر ئابدۇۋەلى)

uyghurkitap.com

# يېڭىسار ناھىيىسىدە دىنىي خادىملارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى

يېڭىسار ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 1998-يىل 6-ئاينىڭ 10-كۈنى ناھىيىلىك دىنىي خادىملارنى تەربىيىلەش مەركىزىدە 4-قارارلىق كۇرسىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى. مۇراسىمغا ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئابلىمىت داموللا ھاجى، ناھىيە بازىرى ئىچىدىكى بەزى جۈمە مەسچىتلەرنىڭ خاتىپلىرى ۋە يېڭى قوبۇل قىلىنغان تالىپلاردىن بولۇپ 100 كىشى قاتناشتى. مۇراسىم قىرائەت بىلەن باشلاندى. دىنىي بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىنىڭ مۇدىرى ئابلىمىت داموللا ھاجى ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى.

يېڭىدىن قوبۇللانغان 48 تالىپ ناھىيە تەۋەسىدىكى 14 يېزا-بازارنىڭ ئىمامى كەمچىل مەسچىتلىرىنى نىشانلاپ نۇقتىلىق تاللانغان ئىز باسارلار بولۇپ، ئۇلار كۇرستا ئۈچ ئاي ئوقۇيدۇ، 70% دىنىي دەرس، 30% سىياسەت، قانۇن دەرسلىرىنى ئۆگىنىدۇ. كۇرسىنىڭ بارلىق خىراجەتلىرىگە ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى مەسئۇل بولىدۇ.

بۇ كۇرسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا ناھىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرىمۇ قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى؛ كۇرس ئېچىلغاندىن كېيىن جەمئىيەتنىڭ ياخشى باھاسىغا ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ماددىي ھەم مەنىۋى ياردىمىگە ئېرىشتى.

**(ياقۇپ ھاجى مۇھەممەت)**

# باركۆل ناھىيە بازار ئىچى مەسچىتى مائارىپقا كۆڭۈل بۆلدى

باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى دۆلەت دەرىجىلىك نامرات ناھىيىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇزاق يىللاردىن بېرى قازاق چارۋىچىلار تارقاق جايلاشقان كەنت-مەھەللىلەردىكى بالىلار ئوقۇشسىز قالىدىغان ياكى ئاتا-ئانىلار قىيىنچىلىقتىن قورقۇپ بالىلىرىنى ئوقۇشسىز قالدۇرىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت ئىدى. بازار ئىچى مەسچىتى تۇرلۇك ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ "توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنى"نى تەشۋىق قىلىپ، دېھقان-چارۋىچىلارنى پەرزەنتلىرىنى تولۇق ئوقۇتۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى. بۇ مەسچىت ھېچقانداق كىرىم مەنبەسى بولمىغان شارائىتتا مەسچىتنىڭ ئازغىنا ئىقتىسادىنى بۇزۇپ-چاچماي مائارىپ ئىشلىرىغا ياردەم بېرىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى؛ بۇلتۇر بالىلار بايرىمىدا 3-باشلانغۇچ مەكتەپكە 400 يۈەن قىممىتىدە دەپتەر-قەلەم تەقدىم قىلدى؛ ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار ئىككى نەپەر ئوقۇغۇچىغا 100 يۈەندىن ياردەم قىلدى؛ بۇلتۇر يەنە نامرات چارۋىچى ئائىلىنىڭ پەرزەنتى بولغان ئىككى نەپەر قازاق ئوقۇغۇچىنىڭ يىللىق ئوقۇش راسخوتىنى تاكى ئۇلار مەكتەپ پۈتتۈرگىچە ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى يەنە كوللېكتىپ ئەمگەك، تازىلىق، كۆچەت تىكىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، سۇ قۇرۇلۇشى قاتارلىق ئەمەلىي، ئەھمىيەتلىك ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەچكە ناھىيە، ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە "بەشتە ياخشى مەسچىت" بولۇپ تەقدىرلەندى.

**(يۇنۇس سادىق)**

(بېشى 49-بەتتە) «قۇرئان كەرىم»دىن قالسىلا مۇھىم ئاساس بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرى قاتارلىق ئومۇمىي ئەھۋالاتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا بولۇپمۇ ئىسلام دىنى بىلەن تونۇشۇش ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مول ماتېرىيال مەنبەسى بولۇپ، «سەھىھۇلبۇخارى» بۇ جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر.

**ئاساسلىق پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

(1) مەۋلىۋى ئەھمەد ئەلى سەھارەنفورى (ھىندىستان): «(سەھىھۇلبۇخارى)نىڭ مۇقەددىمىسى»، ئەرەبچە نەشرى.
(2) شاھ ۋەلىيۇللاھ دېھلىۋى (ھىندىستان): «سەھىھۇلبۇخارى ۋە ئۇنىڭ باب ۋە ھەدىسلىرىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى توغرىسىدا شەرھى رىسالە»، ئەرەبچە نەشرى.
(3) ھەمزە مۇھەممەد قاسىم: «مەنارۇلقارى»، ئەرەبچە نەشرى.
(4) مىنشاۋى ئوسمان ئەبۇد: «ھەدىسشۇناسلىق قوللانمىسى»، ئەرەبچە نەشرى.
(5) مۇستەفا مۇھەممەد ئەمارە (مىسىرلىق): «سەھىھۇلبۇخارى جەۋھەرلىرى ۋە قەستەلانى شەرھى»، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1981-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.
(6) سەئىد فەيياز مەھمۇد (پاكىستان): «ئىسلام دىنىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1996-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

**(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى.)**

# دىنىي زاتلارنىڭ ھىممىتى

◀ پېچان ناھىيىسىدىكى دىنىي زاتلار بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان ناھىيىنىڭ مائارىپ، جامائەت ئىشلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ياردىمى ئارقىلىق قوللاپ كەلدى؛ ئۇلار نامرات ئائىلىلەرگە 13 مىڭ 65 يۈەن نەق پۇل، 2147 يۈەن قىممىتىدە ماددىي لازىمەتلىك ياردەم قىلدى ھەمدە "مائارىپنى قوللىغانلىق، ئەۋلادلارنى ئويلىغانلىق" دەپ قاراپ مائارىپقا 7230 يۈەن نەق پۇل، 9165 يۈەن قىممىتىدە لازىمەتلىك ئىئانە قىلدى؛ دىنىي زاتلار يەنە 6802 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا يول، 21 كۆۋرۈك ياسىدى؛ 123 مېيىتنىڭ نامىزىنى خالىس چۈشۈرۈپ بەردى؛ توي-مەرىكە، نەزىرلەرنى ئاددىي ئۆتكۈزۈشنىمۇ باشلامچى بولدى.
(كېرەم روزى)

◀ كەلپىن ناھىيىسىدىكى دىنىي زاتلار بۇ يىل 5-ئايدا نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش، ئاجىز-يېتىملارغا غەمخورلۇق قىلىش پائالىيىتىگە ئاكتىپ قاتناشتى. گەزلىك، يۇرچى يېزىسىدىكى ئوقۇشتىن چىقىۋالغان 27 نەپەر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئاتا-ئانىسىغا خىزمەت ئىشلەپ ئۇلارنى مەكتەپكە قايتۇرۇپ كېلىپ مەكتەپ رەھبەرلىكى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. 20 دىنىي زات ۋە 100دىن ئارتۇق ئېتىقادچى ئاما 1605 يۈەن نەق پۇل، 360 كىلوگرام ئاشلىق، 306 قۇر كىيىم-كېچەك يىغىپ، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەر ۋە ئاجىز-يېتىملاردىن ھال سورىدى. يېقىندا يەنە گەزلىك يېزا قۇملۇق كەنتىدىكى دىنىي زات ئەھەت توختى ئۆز يېنىدىن 500 يۈەن چىقىرىپ 14 كىشىلىك يېڭى ئاياغ سېتىۋېلىپ نامرات ئائىلىلەرگە مېھىر-شەپقەت يەتكۈزدى.
(سەمەت دالى)

◀ مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئالاغىر يېزىسىدا 259 نەپەر دىنىي زات بولۇپ، ئۇلاردىن كۆپ خىل كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ يىللىق كىرىمىنى 100 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزگەن دىنىي زات تۆتكە، 50 مىڭ يۈەندىن ئاشۇرغان دىنىي زات 15كە، 30 مىڭ يۈەندىن ئاشۇرغان دىنىي زات 75كە يېتىپ، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشتە باشقىلارغا باشلامچى بولدى. ئۇلار بېيىغاندا باشقىلارنى ئۇنتۇمىدى، 11 دىنىي زات مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا 16 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى. 55 دىنىي زات 10 مىڭ يۈەن يىغىش قىلىپ، شەنبىبازاردىكى ئۆستەڭگە بىر بېتون كۆۋرۈك سالدۇرۇپ بەردى. يەنە 55 دىنىي زات قىيىنچىلىقى بار 128 ئائىلىگە 3700 يۈەن پۇل، 5500 كىلوگرام بۇغداي، قوناق، 80 قۇر كىيىم-كېچەك ياردەم قىلدى.
(ئوسمانجان بارات، ئازادگۈل رىشت)

◀ گۇما ناھىيىسىنىڭ موكويلا يېزىسىدىكى ئالدىن بېيىغان 21 دىنىي زات ھازىرغىچە ئۆز كەنتىدىكى 39 نامرات ئائىلىگە 2497 كىلوگرام ئاشلىق، 4890 يۈەن نەق پۇل ۋە 86 قۇر كېچەك ياردەم قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ خەلقپەرۋەر روھىنى ئىپادىلىدى.
(مۇھەممەت ھېيت)

# قەشقەر شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى دائىمىي ھەيئەت يىغىنى ئاچتى

1998-يىل 7-ئاينىڭ 4-كۈنى قەشقەر شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى دائىمىي ھەيئەت يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھارۇنخان مەخسۇم ھاجى، ۋىلايەتلىك ۋە شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سادىق قارىي ھاجى، مۇھەممەت ئىمىن قارىي ھاجى، جۈمە خېتىپ ئاخۇنۇم ۋە باشقا دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى بولۇپ 30 كىشى قاتناشتى. يىغىندا مەملىكەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ھارۇنخان مەخسۇم ھاجى مەملىكەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. يىغىن ئەھلى بۇ يىغىنىنىڭ ماتېرىياللىرىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى ۋە ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ مۇزاكىرە ئېلىپ باردى. ئاخىردا شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى ئەبەيدۇللا يىغىن روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا مۇھىم سۆز قىلدى.
(ياقۇپ ھاجى مۇھەممەت)

www.uyghurkitap.com

# قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 4-سانلىق دائىمىي ھەيئەت يىغىنى ئېچىلدى

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 4-سانلىق دائىمىي ھەيئەت يىغىنى 1998-يىل 8-ئاينىڭ 30-كۈنى قەشقەر شەھرىدە ئېچىلدى.

يىغىنغا ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى، قەشقەر شەھرىدىكى دىنىي زاتلار ۋەكىللىرى بولۇپ جەمئىي 30 كىشى قاتناشتى. يىغىنغا يەنە ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى روزى كېرەم، مەمۇرىي مەھكىمە مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابلىز ناسىر قاتارلىق رەھبەرلەر تەكلىپكە بىنائەن قاتناشتى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى.

يىغىنغا ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سادىق قارىي ھاجىم رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھارۇنخان مەخسۇم ھاجىم ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى ھەمدە مەملىكەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 6-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 4-سانلىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ياقۇپ ھاجى مۇھەممەت ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2-نۆۋەتلىك ھەيئىتى 3-سانلىق ئومۇمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنىدىن بۇيان ئىشلىگەن خىزمەتلەرنى خۇلاسە قىلدى.

يىغىن جەريانىدا يىغىن ئىشتىراكچىلىرى نۇقتىلىق قىلىپ يولداش جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزى شۇنداقلا مەملىكەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 6-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 4-سانلىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللىرىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى ۋە مۇزاكىرە قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى 6-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ۋەكىل، ھەيئەت، دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى ئىسمىلىكىنى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلدى ۋە بىردەك ماقۇللىدى، يىغىندا يەنە مۇناسىۋەتلىك قارالمىلار ماقۇللاندى. يىغىن ئاخىرىدا مەمۇرىي مەھكىمە مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابلىز ناسىر يىغىن روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، شۇنداقلا ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش جەھەتتە مۇھىم سۆز قىلدى.

يىغىن قىرائەت بىلەن باشلىنىپ قىرائەت بىلەن ئاخىرلاشتى. (ياقۇپ ھاجى مۇھەممەت)

# قۇمۇل شەھىرى قارادۆۋە يېزىسىدا ياخشى ئادەت شەكىللەندى

قۇمۇل شەھرىنىڭ قارادۆۋە يېزىسى 15 يىلدىن بۇيان ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ ئىشلىرىنى ئاددىي-ساددا، تېجەشلىك ئۆتكۈزۈشنى ياخشى ئادەتكە ئايلاندۇردى.

بۇ يېزا ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان نامرات يېزا بولغاچقا يېزىلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى 80-يىللارنىڭ باشلىرىدىلا ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ قىزىيىگىت تويى، خەتنە تويى، بۆشۈك تويى، ئۆلۈم ئۆزرىتىش، نەزىر قىلىش ئىشلىرىدا دېھقانلارنىڭ ئىقتىسادى ئىقتىدارىغا ماس كېلىدىغان بىر يۈرۈش بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، دىنىي زاتلارنى ئاساس قىلىپ، ھەر خىل مۇراسىملارنى تېجەشلىك ئۆتكۈزۈشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرغانىدى. بۇ گۇرۇپپا قۇرۇلغان 15 يىلدىن بۇيان گۇرۇپپا ئەزالىرى كۆپ قېتىم ئالماشقان بولسىمۇ، بەلگىلىمىلەر ئۆزگەرتىلمىدى. تويلۇققا چەك قويۇش، ئۆلچەمدىن ئاشۇرۇپ تويلۇق ئېلىنغان تويلارنىڭ توي خېتىنى كېچىكتۈرۈش، دىنىي زاتلار بۇنداق تويلارنىڭ نىكاھىنى ئوقۇماسلىق قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىپ، توي ئىسراپچىلىقىنى توسۇش جەھەتتىكى نازارەت كۈچەيتىلدى. يېزا جۈمە مەسچىتىنىڭ خاتىپى، ۋىلايەت بويىچە "بەشتە ياخشى" دىنىي زات خىزىر قارىي ھاجى ھەشەمەتچىلىككە قارشى تۇرۇش ھەققىدە ئاممىغا تەشۋىق-تەرغىبات ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ تونۇشىنى ئۆستۈردى. شۇنىڭ بىلەن يېزا بويىچە ھەممە كەنت-مەھەللىلەردە توي تۆكۈن، نەزىر-چىراغلاردا ئىسراپچىلىق قىلمايدىغان، توي، 2-3 مىڭ يۈەن بىلەن، نەزىر 1000—500 يۈەن بىلەنلا ئۆتكۈزۈلىدىغان ياخشى ئادەت شەكىللەندى ھەم داۋاملىشىپ كەلدى. بۇ يېزىدىكى بۇ ياخشى ئادەتنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ۋىلايەتتىكى سەككىز ئورۇن بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، جايلاردىن بۇ يېزىدىن ئۆگىنىشنى، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا يېڭى نەتىجە يارىتىشنى تەلەپ قىلدى. (يۇنۇس سادىق)

# ئۇيغۇرشۇناس ئالىملارنىڭ كاتتا يىغىلىشى

ئۆز مۇخبىرىمىز: جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى 1998-يىل 10-ئاينىڭ 9-كۈنىدىن 11-كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان 70دىن ئارتۇق (بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭدىن 40تىن ئارتۇق) مۇتەخەسسىس-ئالىملار بۇ يىغىنغا قاتناشتى. تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا كېلىپ، يىغىن ئەھلى بىلەن كۆرۈشتى ۋە يىغىنغا تەبرىك خەت سۇندى. يىغىن ئېچىلىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى، دۆلەت كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد مۇناسىۋەتلىك خادىملار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆزىنىڭ يىغىنغا قاتنىشالمايدىغانلىقىغا ئۆزرىخاھلىق ئېيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يىغىن ئەھلىگە سالام يوللىغان ۋە يىغىنغا مۇۋەپپەقىيەت تىلىگەنىدى. تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ سابىق رەئىسى سەيپۇللايوپمۇ جەمئىيەتنىڭ شىنجاڭدىكى مەسئۇللىرى بېيجىڭغا كېلىش ئالدىدا ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ، يىغىنغا مۇۋەپپەقىيەت تىلىگەنىدى. جەمئىيەتنىڭ پەخرىي مۇدىرى، شياڭگاڭلىق مەشھۇر كارخانىچى، جەمئىيەتكە 700 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلغان سەي گۇەنشېن ئەپەندى شياڭگاڭدىن مەخسۇس ۋەكىل ئەۋەتىپ يىغىننى تەبرىكلىدى ۋە يىغىننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىدىن مەمنۇن بولدى.

تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى يۈسۈپ مۇھەممىدى، جەمئىيەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى تەۋەككۇل تىلىۋالدى، لىيۇ جىشاۋ، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، لاڭ يىڭ خانىملار يىغىنغا باشتىن-ئاخىر قاتناشتى ۋە رىياسەتچىلىك قىلدى.

ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر تەتقىقات نەتىجىلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئاساسىي تېمىسى بولۇپ، مۇھاكىمىگە ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيىتى، تىلى، ئەدەبىيات-سەنئىتى، مۇزىكا-ئۇسسۇللىرى قاتارلىق ساھەلەردىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ 50 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى (جۈملىدىن ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە تارىخىغا دائىر تۆت پارچە ماقالە) سۇنۇلدى ۋە قىزغىن مۇھاكىمە قىلىندى.

بۇ تەتقىقات جەمئىيىتى پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى ۋە شىنجاڭدىكى پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبەرلىكىنىڭ يېقىندىن قوللىشى نەتىجىسىدە 1995-يىل 3-ئايدا بېيجىڭدا قۇرۇلغانىدى. ئۈچ يىلدىن بېرى، بۇ جەمئىيەت ھەر مىللەت مۇتەخەسسىسلىرى ۋە ئالىملىرىنى زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى ئۈستىدە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا ئۇيۇشتۇردى، بىر قاتار ئىلمىي تەتقىقات تېمىلىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى، ئادەم ئۇيۇشتۇرۇپ «ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، «ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتىغا دائىر ماقالىلەر كاتالوگى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى چىقاردى؛ «ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى (مەجمۇئە)» (1-توپلام، خەنزۇچە 420 مىڭ خەتلىك)نى ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە نەشر قىلدۇرۇپ تارقاتتى ھەمدە ئىجتىمائىيەت ۋە جامائەت پاراۋانلىقىغا دائىر بىرمۇنچە ياخشى ئىشلارنى قىلدى.

بۇ قېتىمقى مۇھاكىمە يىغىنى جەريانىدا، جەمئىيەتنىڭ دائىمىي كېڭەش ئەزالىرى يىغىنى ئېچىلىپ، مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر قاراپ چىقىلدى. مەركىزىي مىللەتلەر تەرجىمە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۇرۇپ بارات جەمئىيەتنىڭ باش كاتىپلىقىغا ماقۇللاندى، جەمئىيەتنىڭ بىر قىسىم دائىمىي كېڭەش ئەزالىرى ۋە كېڭەش ئەزالىرى تولۇقلاندى (بۇلارنىڭ ئىچىدە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدىن شەمشىدىن ھاجى كېڭەش ئەزالىقىدىن دائىمىي كېڭەش ئەزالىقىغا، ئادىل ھاجى كېرەم كېڭەش ئەزالىقىغا تولۇقلاپ ماقۇللاندى).

www.uyghurkitap.com

# ئابدۇغېنى دامولla ھاجى خۇدانىڭ دەرگاھىغا كەتتى

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، خوتەن ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، چىرا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، چىرا ناھىيە بازار جامە مەسچىتىنىڭ خاتىپى ئابدۇغېنى دامولla ھاجى 1998-يىل 8-ئاينىڭ 4-كۈنى 85 يېشىدا خۇدانىڭ دەرگاھىغا كەتتى.

ئابدۇغېنى داموللاھاجى 1914-يىلى چىرا ناھىيىسىدە بىر دىنىي ئۆلىما ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1922-يىلغىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولۇپ، 1922-يىلىدىن 1930-يىلغىچە دىنىي باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان. 1930-يىلىدىن 1947-يىلغىچە چىرا ناھىيىسى ۋە خوتەن شەھىرىدە مەدرىسلەردە دىنىي بىلىم ئالغان. 1947-يىلى مۇدەررىسلىك ھاياتىنى باشلاپ دىنىي ساھەگە قەدەم قويغان. 1951-يىلىدىن كېيىن ھەردەرىجىلىك سايىسى كېڭەش، خەلق قۇرۇلتىيى، ئىسلام جەمئىيەتلىرىدە ۋەزىپە ئۆتىگەن.

مەرھۇم ياش ۋاقتىدا مول دىنىي بىلىمى بىلەن كۆزگە كۆرۈنۈپ جامائەتكە تونۇلۇشقا باشلىغان. 1959-يىلى جۇڭگو ھەج تاۋاپ ئۆمىكى تەركىبىدە ھەج پەرزىنى ئادا قىلغان، ئۇ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ موسكۋا، مىسىر، سۇدان، شىۋىتسارىيە، فرانسىيە، ئالجىرىيە، ماراكەش، تۇنىس قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردا ئېكسكۇرسىيە-زىيارەتتە بولغان. بۇ جەرياندا دۆلىتىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىك سىياسىتىنى چەت ئەلدىكى دوستلارغا تەشۋىق قىلىپ ياخشى باھاغا ئېرىشكەن. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، 1961-يىلىدىن 1965-يىلغىچە جۇڭگو ئىسلام دىنىي ئىنستىتۇتىنىڭ ئىسلام تەتقىقاتى سىنىپىدا ئوقۇغان ۋە ئىسلام دىنى تارىخى، «قۇرئان كەرىم» تەپسىرلىرى، ھەدىس، فىقھە ئەھكاملىرى، مىللىي-دىنىي سىياسەت، بىرلىك سەپ سىياستى، خەلقئارا ۋەزىيەت قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆگەنگەن. ئوقۇشتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەسچىتلەردە ئىمام، خاتىپلىق ۋەزىپىلىرىنى ئۆتىگەن. بۇ جەرياندا ئۇ كەڭ ئېتىقادچى ئاممىغا باشلامچى بولۇپ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش يولىغا مېڭىشىدا كۆرۈنەرلىك خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. شۇنداقلا ئېتىقادچى ئاممىغا نورمال دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش، نەزىر-چىراغ، توي-تۆكۈن ئىشلىرىنى ئاددىي-ساددا ئۆتكۈزۈش، مائارىپنى قوللاش، نامراتلارغا ياردەم بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ ۋە ئۆزى باشلامچى بولۇپ كەڭ جامائەت ئارىسىدا يۇقىرى ئابرۇي قازانغان.

ئىسلام دىنىنىڭ دىنى سۆيۈشتەك ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىسلام دىنىغا دائىر بىلىملەرنى ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرغان، بۇ جەرياندا يۇقىرى دىنىي مەلۇماتى بىلەن 1984-يىلى قەشقەرگە بېرىپ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمە تەپسىرىنى تەھرىرلەشكە قاتناشقان. خوتەن ۋىلايىتىدە دىنىي ساھەدە ئۈزۈكچىلىك بولۇپ قېلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا كۆڭۈل بۆلۈپ، دىنىي ئىزباسارلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىگە ئەجىر سىڭدۈرگەن. ئىسلام تارىخچىسىغا خاس مەلۇماتى بىلەن ئىزدىنىپ چىرا خەلقىنىڭ 1912-يىلى سوپۇرگە ئاخۇن باشچىلىقىدا چاررۇسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى ئەسلەپ يېزىپ چىققان بىر پارچە ماقالىسى «شىنجاڭ تارىخى ماتېرىياللىرى»نىڭ خەنزۇچە 1983-يىل 9-سانىدا «شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنىڭ تارىخى» دېگەن تېمىدا ئېلان قىلىنغان. ئابدۇغېنى داموللاھاجى يەنە چىرا تارىخى ماتېرىياللىرىنى توپلاش، تەھرىرلەش خىزمەتلىرىگە قاتنىشىپ، تارىخنى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇش جەھەتتە كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن.

مەرھۇم ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش، ئىسلام جەمئىيىتى قاتارلىق ئورۇنلار تېلېفون بېرىپ مەرھۇمغا تەزىيە بىلدۈردى، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن ھال-ئەھۋال سورىدى. خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ رەھبەرلىرى تېلېفون بېرىش، ئائىلىسىگە بېرىپ ھال سوراش شەكلى بىلەن تەزىيە بىلدۈردى. خوتەن ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇدىرى، ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، مەمۇرىي مەھكىمە مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق رەھبەرلەر مەرھۇمنىڭ ئائىلىسىگە ئالاھىدە بېرىپ، مەرھۇمنىڭ ۋاپاتىغا تەزىيە بىلدۈردى ۋە ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن ھال سورىدى.

8-ئاينىڭ 5-كۈنى مەرھۇمنىڭ دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمغا ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرى، دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى ۋە خوتەن، چىرا ناھىيىسىدىكى نەچچە مىڭ مۇسۇلمان ئاممىسى قاتناشتى.

(تۇرغۇن ئىمىن، سادىر تۇرسۇننىياز)

## ھىجرىيە 1419-يىللىق روزا تۇتۇش ۋاقىت جەدۋىلى (ئۈرۈمچى ۋاقتى)

| مىلادى | رامزان | ھەپتە كۈنلىرى | سوھۇر ۋاقتى | تاڭ سوزۇلۇش | كۈن چىقىش | پېشىن | دىگەر | ئىفتار-شام | خۇپتەن |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 20.12.98 | 1 | يەكشەنبە | 4:46 | 5:38 | 7:44 | 12:20 | 14:24 | 16:38 | 17:17 |
| 21 | 2 | دۈشەنبە | 4:45 | 5:37 | 7:43 | 12:20 | 14:24 | 16:38 | 17:17 |
| 22 | 3 | سەيشەنبە | 4:45 | 5:37 | 7:43 | 12:20 | 14:25 | 16:39 | 17:18 |
| 23 | 4 | چارشەنبە | 4:45 | 5:37 | 7:43 | 12:20 | 14:25 | 16:39 | 17:18 |
| 24 | 5 | پەيشەنبە | 4:46 | 5:38 | 7:44 | 12:20 | 14:26 | 16:40 | 17:19 |
| 25 | 6 | جۈمە | 4:46 | 5:38 | 7:44 | 12:20 | 14:27 | 16:41 | 17:20 |
| 26 | 7 | شەنبە | 4:46 | 5:38 | 7:44 | 12:20 | 14:28 | 16:42 | 17:21 |
| 27 | 8 | يەكشەنبە | 4:47 | 5:39 | 7:45 | 12:20 | 14:29 | 16:43 | 17:22 |
| 28 | 9 | دۈشەنبە | 4:47 | 5:39 | 7:45 | 12:20 | 14:30 | 16:44 | 17:23 |
| 29 | 10 | سەيشەنبە | 4:48 | 5:40 | 7:46 | 12:20 | 14:31 | 16:45 | 17:24 |
| 30 | 11 | چارشەنبە | 4:48 | 5:40 | 7:46 | 12:20 | 14:32 | 16:46 | 17:25 |
| 31 | 12 | پەيشەنبە | 4:48 | 5:40 | 7:46 | 12:20 | 14:33 | 16:47 | 17:26 |
| 1.1.99 | 13 | جۈمە | 4:49 | 5:41 | 7:47 | 12:20 | 14:34 | 16:48 | 17:27 |
| 2 | 14 | شەنبە | 4:49 | 5:41 | 7:47 | 12:20 | 14:35 | 16:49 | 17:28 |
| 3 | 15 | يەكشەنبە | 4:49 | 5:41 | 7:47 | 12:20 | 14:36 | 16:50 | 17:29 |
| 4 | 16 | دۈشەنبە | 4:48 | 5:41 | 7:46 | 12:20 | 14:37 | 16:51 | 17:30 |
| 5 | 17 | سەيشەنبە | 4:48 | 5:40 | 7:46 | 12:20 | 14:38 | 16:52 | 17:31 |
| 6 | 18 | چارشەنبە | 4:48 | 5:40 | 7:46 | 12:20 | 14:39 | 16:53 | 17:32 |
| 7 | 19 | پەيشەنبە | 4:47 | 5:40 | 7:45 | 12:20 | 14:40 | 16:54 | 17:33 |
| 8 | 20 | جۈمە | 4:47 | 5:39 | 7:45 | 12:20 | 14:41 | 16:55 | 17:34 |
| 9 | 21 | شەنبە | 4:47 | 5:39 | 7:45 | 12:20 | 14:42 | 16:56 | 17:35 |
| 10 | 22 | يەكشەنبە | 4:46 | 5:39 | 7:44 | 12:20 | 14:43 | 16:57 | 17:36 |
| 11 | 23 | دۈشەنبە | 4:46 | 5:38 | 7:44 | 12:20 | 14:44 | 16:58 | 17:37 |
| 12 | 24 | سەيشەنبە | 4:46 | 5:38 | 7:44 | 12:20 | 14:45 | 16:59 | 17:38 |
| 13 | 25 | چارشەنبە | 4:45 | 5:38 | 7:43 | 12:20 | 14:46 | 17:00 | 17:39 |
| 14 | 26 | پەيشەنبە | 4:45 | 5:37 | 7:43 | 12:20 | 14:47 | 17:01 | 17:40 قەدىر كېچىسى |
| 15 | 27 | جۈمە | 4:44 | 5:37 | 7:42 | 12:20 | 14:49 | 17:03 | 17:42 |
| 16 | 28 | شەنبە | 4:44 | 5:36 | 7:42 | 12:20 | 14:50 | 17:04 | 17:43 |
| 17 | 29 | يەكشەنبە | 4:43 | 5:36 | 7:41 | 12:20 | 14:51 | 17:05 | 17:44 |
| 18 | 30 | دۈشەنبە | 4:42 | 5:35 | 7:40 | 12:20 | 14:52 | 17:06 | 17:45 |
| 19 | شەۋۋال | سەيشەنبە | ھېيت | 5:34 | 7:39 | 12:20 | 14:53 | 17:07 | 17:46 |

**ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن ۋاقىت جەھەتتىن پەرقلىنىپ، سوھۇر ۋاقتى ۋە ئىفتار ۋاقتى بۇرۇن-كېيىن كېلىدىغان شەھەرلەر**

| ئۈرۈمچى شەھىرىدىن | مىنۇت بۇرۇن | ئۈرۈمچى شەھىرىدىن | مىنۇت كېيىن |
|---|---|---|---|
| 1. ئالتاي شەھىرى | 19 | 1. خوتەن شەھىرى | 49 |
| 2. قۇمۇل شەھىرى | 6 | 2. قەشقەر شەھىرى | 58 |
| 3. تۇرپان شەھىرى | 5 | 3. ئاتۇش شەھىرى | 57 |
| | | 4. ئاقسۇ شەھىرى | 35 |
| | | 5. غۇلجا شەھىرى | 28 |
| | | 6. كورلا شەھىرى | 10 |
| | | 7. سانجى شەھىرى | 5 |
| | | 8. شىخەنزى شەھىرى | 3 |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# ♥ ژۇرنىلىمىز ئىئانىچىلىرىغا تەشەككۇر ♥

ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن بۇيان، ژۇرنالدىن بەھرىمەن بولغان بىر قىسىم دىنىي قېرىنداشلار، ژۇرنىلىمىز زوقمەنلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ئۆزلۈكسىز تۈردە ئۆز ئىختىيارى بىلەن خالىسانە ئىئانە ئەۋەتىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ژۇرنالنى قىزغىن قوللايدىغانلىقىنى ئىپادىلەۋاتىدۇ. ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى ئۇلارغا مىڭ مەرتىۋە تەشەككۇر ئېيتىدۇ.

ئاللاتائالا ئۇلارغا ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەت ئاتا قىلغاي، ئامىن!

ئىئانە قىلغۇچىلارنىڭ ئىسىم شەرىپى:

1. ئاتۇش شەھىرىدىن: ئالانۇر 500 يۈەن
2. ئاقسۇ سەنئەت مەكتىپىدىن: ئابدۇكېرىم مىجىت 500 يۈەن
3. چۆچەك ۋىلايىتى تولى ناھىيىسىدىن: لەمخان ھاجىم 200 يۈەن
4. شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتىدىن: ھىمىت مىجىت 165 يۈەن
5. قەشقەر شەھىرىدىن: روشەنگۈل يۈسۈپ 100 يۈەن
6. قەشقەر شەھىرىدىن: ئابدۇرەھىم ھاجى 100 يۈەن
7. توقسۇن ناھىيىسىدىن: زەينەپ خانىم مىجىت 100 يۈەن
8. قۇمۇل يامانسۇ كان رايونىدىن: بۇۋى زەينەپ 85 يۈەن
9. ئۈرۈمچى شەھىرىدىن: ھەجەر سابىت 80 يۈەن
10. ئاقتۇ ناھىيە پىلال يېزىسىدىن تۇيغۇن ئەيسا 50 يۈەن
11. توققۇزتارا ناھىيە بەخت يولى مەسچىتىدىن: ئابدۇۋەلى ئىمام 50 يۈەن
12. توققۇزتارا ناھىيە دۆگمەھەللە يېزىسىدىن: سېيىت ئەلى ئىمام 50 يۈەن
13. ئۈرۈمچى شەھىرىدىن: پاتىگۈل مەمەت 50 يۈەن
14. ئۈرۈمچى شەھىرىدىن: سەمەت نۇر 50 يۈەن
15. توقسۇن ناھىيە شاھ يېزىسىدىن: قېيۇم ھاجى 50 يۈەن
16. ئۈرۈمچى شەھىرىدىن: ھامدۇن قادىر 28 يۈەن
17. ئاتۇش شەھىرىدىن: پاتىگۈل تۇردى 20 يۈەن
18. مارالبېشى ناھىيە ئاۋات بازىرىدىن: ئابلىمىت تۇردى 15 يۈەن
19. قۇمۇل شەھىرىدىن: غوپۇر 15 يۈەن
20. ئاتۇش شەھىرىدىن: نۇرئەلى 10 يۈەن

ئىئانە قىلغۇچىلار ئىئانىنى «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە بىۋاستە ئەۋەتىپ بەرسە بولىدۇ، ئىسلام جەمئىيەتلىرى ياكى ئىشەنچلىك شەخسلەر ئارقىلىق توپلاپ يوللاپ بەرسىمۇ بولىدۇ، ئىئانىنى تاپشۇرۇۋالغان ھامان تاپشۇرۇۋېلىش ھۆججىتى ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ. ئىئانە قىلغۇچىلارنىڭ ئىسىم فامىلىسى ۋە ئىئانە قىلغان پۇلىنىڭ سانى ژۇرنالدا ئاشكارا ئېلان قىلىنىدۇ ۋە ئۇلارغا ئىسمى چىققان ژۇرنال ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ. شۇڭا ئىئانە قىلغۇچىلارنىڭ ئۆزىنىڭ تەپسىلىي ئادرېسىنى ۋە پوچتا نومۇرىنى ئېنىق يېزىپ ئەۋەتىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

**تۈزىتىش:** ژۇرنىلىمىزنىڭ 1998-يىل 2-سانىدا ئېلان قىلىنغان ئىئانىچىلەردىن چاقىلىق ناھىيىسىدىن: مۇھەممەد توختى ھاجى 100 يۈەن دېگەن سۆزنى چەرچەن ناھىيە قوشساتما يېزىسىدىن: مۇھەممەد توختى ھاجى 100 يۈەن دەپ تۈزىتىپ ئوقۇغۇچىلارنى سورايمىز.

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى.

# ژۇرنىلىمىزنىڭ 1998-يىللىق سانلىرىدىكى ئاساسلىق ماقالىلەرنىڭ مۇندەرىجىسى

## ◆ ئالاھىدە خەۋەرلەر ◆

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى ھاجى سالىھ ئەن شۇپىي داموللام خۇدانىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلدى……………… تۆز مۇخبىرىمىز (4.4)
ھاجى سالىھ ئەن شۇپىي داموللامنىڭ ھاياتىي سەرگۈزەشتىلىرى ……………… تۆز مۇخبىرىمىز (4.7)
دوستانە زىيارەت— ئىسمائىل ئەھمەد ئېفىئوپىيە ۋە مىسىردا زىيارەتتە بولدى……………… ئالىمجان سابىت (1.4)
مۇھىم دىنىي ئىشلار مۇھاكىمە قىلىنىپ، ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەش نامايان قىلىنغان يىغىن—جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 6-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 3-سانلىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى ۋە ئىسلام مائارىپى خىزمەت يىغىنى ئېچىلدى……………… ھاجى مەھمۇدى (3.5)
جۇڭگو ھاجىلىرى ھەج پەرزىنى ئادا قىلىپ، ۋەتەنگە ئامان-ئېسەن قايتىپ كەلدى……………… ھاجى مەھمۇدى (2.61)
2-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسى بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى……………… ھاجى مەھمۇدى (2.4)
مۇئاۋىن رەئىس ئابدۇقادىر نەسرىدىن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى……………… تۆز مۇخبىرىمىز (2.62)
جۇڭگو ئىماملىرى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا ماڭدى……………… تۆز مۇخبىرىمىز (2.62)
ئۇيغۇرشۇناس ئالىملارنىڭ كاتتا يىغىلىشى……………… تۆز مۇخبىرىمىز (4.53)

## ◆ ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى ◆

ناماز ئوقۇش ۋە سالامەتلىك……………… خۇاڭ باۋدۇڭ (1.25)
«قۇرئان كەرىم»دىكى سودا ۋە سودا ئەخلاقىغا دائىر بەزى چۈشەنچىلەر……………… ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەد (1.31)
"ئەھكامۇل ئىمان" (ئىمان ھۆكۈمى)نىڭ دىنىي ئەھمىيىتى ۋە رېئال ئەھمىيىتى ئۈستىدە قىسقىچە مۇلاھىزە……………… لى خۇڭمىڭ (2.36)
تاۋار سودىسى جەريانىدىكى ئىسلام پرىنسىپى ھەققىدە مۇلاھىزە……………… جىن جۇن (2.40)
خۇراپاتلىق زىيىنى……………… نۇرمۇھەممەت ھەسەن (2.43)
ئادەمنىڭ دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى توغرا ئىقتىدارى توغرىسىدا……………… ما بىن رەتلەپ تەرجىمە قىلغان (4.10)
ھارامنى تەرك ئېتىپ، ھالال ياشايلى……………… ياقۇپ ھەمدۇللا (4.16)

## ◆ «قۇرئان كەرىم» تەتقىقاتى ◆

«قۇرئان كەرىم» تەتقىقاتىدىكى يېڭى يۈكسىلىش……………… مۆھتەرەم ھاجى (4.19)
«قۇرئان كەرىم»دىكى خاسىيەتلىك يەككە ھەرپلەر……………… يالقۇن ئىسمائىل (4.24)
«قۇرئان كەرىم»، تەرەققىيات ۋە بىز……………… نۇرمۇھەممەت ھەسەن (4.27)
تەجۋىد ئىلمى ۋە «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇش توغرىسىدا……………… قەمەرىددىن (4.32)
«قۇرئان كەرىم» بىلەن "19"نىڭ مۇناسىۋەت سىرى توغرىسىدا……………… ياسىن ئېزىز (4.37)

## ◆ ئىسلام ئەقىدىلىرى ◆

دۇئانىڭ ئەھمىيىتى ۋە خاسىيەتلىك دۇئالار……………… مۇھەممەت سالىھ (1.6)، (2.9)، (3.10)
ئىمان ھەققىدە……………… ئابلىز قارىي (1.20)
ئاللاتائالانىڭ سوئال سوراق قىلىش ئۇسۇلىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟……………… چىڭ فالى (2.34)
جۈمە نامىزى……………… شېرىپجان داموللا ھاجى، مۆھتەرەم ھاجى (3.26)
مۇسۇلمانلارنىڭ مەدەنىيلىك ئەدەب پەزىلەتلىرى……………… چېن گۇاڭيۈەن (3.43)
ئىسلام دىنىنىڭ يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدىكى تەلىمى……………… ھەبىبۇللا مەخسۇم (3.47)

## ◆ ۋەز-تەبلىغ ◆

ئىسلام دىنى ئىقتىسادچىللىقنى تەشەببۇس قىلىپ، ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرىدۇ……………… خۇاڭ يىچۈەن (2.45)

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەش ھەققىدە .................................... ئېلى قارىي ھاجى
مۇسۇلمانلار پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيىلىشى لازىم .................................... ئۆمەرجان مۇھەممەت (4.42)

### ◆ ئىسلام ئەدەب-ئەخلاقى ◆

مۇسۇلمانلار ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بىرقانچە مۇھىم پەزىلەت توغرىسىدا ............... ئەنۋەر مۇھەممەت (1.36)
مۆمىن مۇسۇلمانلىقتىن مەھرۇملاشمايلى ("م"غا مۇجەسسەملەنگەن مۇراجىئەت) ............ ئابدۇلىتىپ مامۇت (1.38)

### ◆ زەھەرلىك چېكىملىك ۋە ئىچىملىكلەرگە لەنەت ◆

زەھەرلىك چېكىملىكلەردىن ھەزەر ئەيلەش توغرىسىدا ياشلىرىمىزغا مۇراجىئەت ............... مۆھتەرەم ھاجى (2.47)
ئىسلام دىنىنىڭ ئىچىملىك ۋە چېكىملىك چەكلىملىرى .................................... خەيرىگۇل ئابدۇغوپۇر(2.53)
هاراقنىڭ زىيىنى .................................... ئابدۇسەمەت قارىي مەخسۇم (3.48)
تاماكىنىڭ زىيىنى.................................... ئىمىنجان داۋۇد(3.49)

### ◆ ئالىم-ئۆلىمالار ◆

ئىمام بۇخارى ۋە ئۇنىڭ مەشھۇر ھەدىس كىتابى—«سەھىھۇلبۇخارى» توغرىسىدا ......... شەھابىدىن ئابدۇلئەھەت(4.45)

### ◆ ياش ئىماملىرىمىز ◆

تەڭ يېتىلىۋاتقان ئۈچ ياش ئىمام.................................... ئابلىمىت قۇربان ھاجى (3.52)

### ◆ ئىسلام دىنى ۋە ئۇيغۇرلار ◆

«قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپ روھىدىن دەۋرىمىزدىكى بىر قىسىم مەرىكىلىرىمىزگە نەزەر ··· ئىسمائىل ياقۇپ (1.43)

### ◆ ئىسلام دۇنياسى ◆

ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتى ۋە ئۇنىڭ 8-نۆۋەتلىك دۆلەت باشلىقلىرى يىغىنى ............... ھاجى مەھمۇدى (1.40)
ئىسلام دۇنياسىغا مەشھۇر «قۇرئان كەرىم» باسمىخانىسى .................................... مۇسا چىن يۈيلۇڭ (2.56)

### ◆ ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار ◆

ھالال ئەمگىكى بىلەن بېيىغان ئۈلگىلىك تىجارەتچى .................................... ھەسەن ئابدۇۋەلى (1.55)
مەرىپەتكە ساخاۋەت .................................... ئەنۋەر مۇھەممەت (1.56)
ۋەتەن مېھرى ۋە ئانا مېھرى تۆرتكىسىدە مۆجىزە ياراتقان ئىلى ئوغلانى .................... ھەجەر سابىت (3.53)
ئىلىدا جەۋلان قىلغان يەنە بىر گۆھەر .................................... ئوسمان سېلىم (3.55)

### ◆ ئىسلام مائارىپى ◆

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى باشقۇرۇشىدىكى دىنىي مەكتەپ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى
.................................... ياقۇپ ھاجى مۇھەممەت (1.47)
قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتى باشقۇرۇشىدىكى دىنىي مەكتەپ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى
.................................... رازىق ھاجى (1.48)
خوتەن ۋىلايىتىدە ئىسلام دىنى مەكتىپى قۇرۇلدى .................................... تۇرغۇن ئىمىن (2.58)
قىزىلسۇ ئوبلاستىدا تۇنجى قېتىم ئېچىلغان بوۋۇلەر كۇرسى ئاخىرلاشتى .................... رازىق ھاجى (2.58)
تۇرپان ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى باشقۇرۇشىدىكى دىنىي سىنىپ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى
.................................... شاھمەردان ئىمىننىياز(3.63)

### ◆ خەلقئارالىق دوستانە بېرىش-كېلىشلەر ◆

سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقىنىڭ ۋەلى ئەھدىسى شاھزادە ئابدۇللا بىننى ئابدۇلئەزىز جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى.................................... ئادىل ھاجى كېرەم (4.50)
جۇڭگو مۇسۇلمانلار ۋەكىللىرى ئۆمىكى لىۋىيىدە زىيارەتتە بولدى .................... جاڭ چىڭلياڭ (4.51)
جۇڭگو مۇسۇلمان ئۆلىمالار ۋەكىللىرى ئۆمىكى پاكىستاندا دوستانە زىيارەتتە بولدى......... ئادىل ھاجى كېرەم (4.52)
سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ سودا ۋەزىرى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى.................. ئاۋېن (4.53)

سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقىنىڭ ۋەلى ئەھدىسى، قوشۇمچە بىرىنچى مۇئاۋىن باش ۋەزىرى، خەلق مۇھاپىزەتچى قىسمىنىڭ قوماندانى شاھزادە ئابدۇللا بىننى ئابدۇلئەزىز باشچىلىقىدىكى جۇڭگونى زىيارەت قىلىش ئۆمىكى جۇڭگونىڭ سەئۇدى ئەرەبىستاندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى يۈ شىڭجىنىڭ ھەمراھلىقىدا 10-ئاينىڭ 15-كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنى زىيارەت قىلدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىن، نوئمان ما شيەن، ئابدۇرەھىم ئىمىن، مۇھەممەد سەئىد ما يۈنفۇ، شەمشىدىن ھاجى قاتارلىقلار ۋە جەمئىيەت خادىملىرى ھەم جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇستاز-تالىپلىرى مېھمانلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى ۋە ئۇلار بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.





جۇڭگو-پاكىستان ئىككى دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت [...]ئۇرۇش كېلىشىمىگە ئاساسەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئى[...]نىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى نوئمان ما شيەن باشچىلىقىدىكى [...]ڭگو مۇسۇلمان ئۆلىمالار ۋەكىللىرى ئۆمىكى 9-ئاينىڭ [...]ۈنىدىن 13-كۈنىگىچە پاكىستاندا زىيارەتتە بولدى. [...]ستان دىنىي ئىشلار مىنىستىرى راجا زەفەرۇل ھەق قاتارلىقلار [...]ەك ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن بىللە خاتىرە [...]تكە چۈشتى.

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ باش ئەلچىسى يۇسۇف مۇھەممەد ئەل مەدەنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 98-يىللىق ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىگە قاتناشقان مەزگىلدە، شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنى زىيارەت قىلدى. ئىنستىتۇت مۇدىرى مۇھەممەت سالىھ داموللام مېھمانلارنى قىزغىن كۈتۈۋېلىش بىلەن بىرگە ئۇلارغا مەكتەپ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى ۋە ئۇلار سورىغان سوئاللارغا جاۋاب بەردى.





قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى مەكتىپى 4-قارارلىق [...]رىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى 1998-يىل 6-ئاينىڭ [...]كۈنى ئۆتكۈزۈلدى. ئۇلار 1995-يىلى 6-ئايدا قوبۇل [...]غاندى. سۈرەتتە: مەكتەپ رەھبەرلىرى مەكتەپ پۈتتۈرگەن [...]لارغا شاھادەتنامە ۋە خاتىرە بۇيۇم تارقاتماقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1998-يىللىق توپلىمى
《中国穆斯林》(维吾尔文版)　1998 年合订本
定价：20 元　باھاسى: 20 يۈەن